# قۇمۇل ئەدەبىياتى



# گۈلستاندا ئۈمۈر ئۆتسە

( يالغۇز ناخشا )

مۇزىكىسى: خەلچەم مامۇتنىڭ

سۆزى، مېھمانجان روزىنىڭ

4/4 1=D




گۈلباغدىن سالام يازدىم،
بولۇپ ئەشنا جامالىڭغا.
ئەشەنچەم ساڭا كامىل،
يېتەرمەن دەپ ۋىسالىڭغا.

خوشلىشىپ ئاشۇ ئاخشام،
بىلمەم يۈرتقا يول ئالدىڭ.
تەلپۈنگەن يۈرەكىمگە،
مۇھەببەت ئوتىنى سالدىڭ.

ئەمكىتىم كۆز يولۇڭغا مەن،
ياشاپ ئىشقىڭ بىلەن جانان.
قەر تۈكۈپ كۆچەتلەرگە،
ياساپ چۆللەردە باغ بوستان.

گۈلباغدا قوچاق ئېچىپ،
كۈتەرمەن دوقۇشۇڭ يۈتسە.
نە ئارمان سېنىڭ بىرلە،
گۈلىستاندا ئۈمۈر ئۆتسە.

بۇ مۇزىكا ۋە قۇمۇل ئەدەبىياتى، نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلانغان.




# بۇ ساندا

تەشەككۇر ۋە تەشەببۇس ............ ( تەھرىر بۆلۈم ) 1

**بېغىشلىمىلار**

ئىسمايىل ئەھمەت ........................ 3
سەيپۇللايۇپ ........................ 5
چىن دىمەن ........................ 6
ئايۇپ قۇربان ........................ 7

**تەبرىك خەت ۋە تەبرىك تېلېگراممىلار**

قەييۇم تۇردى ........................ 8
سەيپۇل يۇسۇپ ........................ 9
تەبرىك تېلېگراممىلار ........................ 10
قۇمۇل ئەدەبىياتىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن ...... ئابلىز ئىسمايىل 16
قۇمۇل دىيارىنىڭ ئىپتىخارى ............ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 19
قۇتلۇقلايمەن تويۇڭنى (شېئىر) ............ ھەسەن ماموت 23
ئېچىل يەنە توق قىزىل (شېئىر) ............ مۇھەممەت ئەخمەت 23
چىمەننىڭ بىر گۈلى دەيمۇ (شېئىر) ............ ئوسمان ھوشۇر 25
مۇبارەك ئون يىلىڭغا (شېئىر) ............ ئارسلان تالىپ 25
مۇبارەك (شېئىر) ............ ئېلى زايىت 27
تەبرىك ۋە ئۈمىد ............ رەيىم يۇسۇپ 28
بوستاندا پورەك ئاچقان غۇنچە ............ ئەخمەت ئىمىن 29
مۇبارەك، شانلىق ئون يېشىڭ ............ راخمانجان روسۇل 31
ئۈچ غەزەل ............ ماخمۇت مۇھەممەت 33
ئون يىل شادلىقى ( شېئىر ) ............ ئىسرائىل كېرەم 34
دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان ( شېئىر ) ............ ئەخمەت ناسىر 35
گۈلگە تولسۇن قۇچىقىڭ (شېئىر ) ............ پاتىگۈل سەمەت 35

بىزنىڭ رەسساملىرىمىز .......... ئەبەيدۇللا مۇھەممەت 37
بۆرەك يارىسى ( ھېكايە ) .......... يۈسۈپ غازى 42
ئاھ دادا، ناۋادا ...( ھېكايە ) .......... يۇنۇس ئىبراھىم 46
ئەتىگە تەلپۈنۈۋاتقان يۈرەكلەر ( ھېكايە ) .......... ئابدۇللا تۇرسۇن 51
ئىنسان، ھايات، سۆيگۈ ( نەسىرلەر ) .......... ئەسەت سۇلايمان 56
يېزامدا كۈز ( شېئىر ) .......... زورەم زىكىرىيا 61
سېستىرا قىزغا ( شېئىر ) .......... تۇردى يۇنۇس 62
كۆزۈك ( شېئىر ) .......... دولقۇنجان جاپپار 62
دىلبەر ( شېئىر ) .......... ئابلىز ئۆمەر ھاجى 63
گۈزەل يايلاق ( شېئىر ) .......... تۆمۈر ئىزىز 63
قەلەندەر پادىشاھلىقىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتە
( چۆچەك ) .......... ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى 64
پىقىر دۆچ ( ھېكايە ) .......... ھۆرىيەت راخمان 71
قاسىم قىزىق لەتىپىلىرىدىن .......... رەتلىگۈچى: ھامۇت موسا 73
يۇمۇرلار .......... ئەنۋەر ياقۇپ، ئەكبەر ئىساق 75

11 – يىلى نەشرى
(پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال)
باش مۇھەررىرى: ئايشەم ئەخمەت

ئومومى 45 سان
1991 – يىلى 3 – سان
مۇھەررىرى: روشەن سەيدۇللا

# «قومۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا تەبرىكلەيمىز

## تەشەككۇر ۋە تەشەببۇس

«قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 - يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ نەشر قىلىندى. بىر سان ژۇرنال سىناق تەرىقىسىدە، يەنە بىر سان ژۇرنال مەخسۇس سان بولۇپ، قومۇل خەلق قوشاقلىرى توپلىمى چىقىرىلدى. بۇ ئىككى سان ژۇرنال ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكتىن 1981 - يىلىنىڭ بېشىدا مەدەنىي - مائارىپ باشقارمىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوللىشى بىلەن قومۇل يەرلىك كومىتېت ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بىزىسىغا دوكلات يازدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تەشۋىقات بىزىسى «قومۇل ئەدەبىياتى» ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال بولسۇن» دەپ ھۆججەت چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن 1981 - يىلىدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىز رەسمىي نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1984 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بىزىسى قايتىدىن ھۆججەت چۈشۈرۈپ «قومۇل ئەدەبىياتى»نى مەملىكەت دائىرىسىدە ئاشكارە تارقىتىشنى تەستىقلىدى. 1985 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە نەشر قىلىنىۋاتقان بارلىق ژۇرناللارنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ تىزىملىغاندا «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا يەرلىك ژۇرناللار قاتارىدا نومۇر تارقاتتى. 1987 - يىلى ژۇرنىلىمىزنى گوۋۇيۈەن ئەنگە ئېلىپ مەملىكەت دائىرىسىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇر تارقىتىپ بەردى.

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 45 سان ژۇرنال چىقىرىلىپ 471 نەپەر ئاپتورنىڭ 4484 پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ۋەيۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلىكنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ژۇرنىلىمىز يىلدىن يىلغا روناق تېپىپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بىر ژۇرنال بولۇپ قالدى.

«قومۇل ئەدەبىياتى» ئۆز تەرەققىيات جەريانىدا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا قىزغىن ياردەم ۋە ئىلھام بېرىپ يېڭى دەۋرىمىزنى، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۆرىشىنى
مەدھىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈللەۋاتقان ئەدەبىيات گۈلزارى-
غا بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشتى. شۇنداقلا كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى جامائەتچى-
لىككە تونۇتۇش، مول مەزمۇنلۇق، خىلمۇخىل ئېغىز ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى
قېزىش ۋە خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، دۆلىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەت
ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى، دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنى، يۇرتىمىزدىن
چىققان مەشھۇر ئەربابلارنى، يۇرتىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىنى، يەر نامى-
لىرىنى... تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە بەلگىلىك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئوڭ ۋە سول
ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرىگە، شۇنداقلا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش، مەنىۋى بۇل-
غىنىشقا قارشى تۇردى. ئاپتورلارنى دادىل ئىجاد قىلىشقا، ئۆزلۈكسىز ئىلگى-
رىلەشكە يېتەكلەپ كەلدى.

لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ژۇرنىلىمىز تېخى ئەمدىلا تەرەققىيات
باسقۇچىغا كىرگەنلىكتىن دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالىدۇق دەپ
ئېيتالمايمىز. بىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆر-
سەتمەكچىمىز. قىزىل يەرلىك كومىتېت ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ژۇرنىلىمىزغا
باشتىن ئاخىر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن شەرت-
شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە. ئالدىمىزدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسىنى
مەملىكەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ئىسلاھات روھىدا جۇشقۇنلىنىۋات-
قان يېڭى دەۋرىمىزنى تېخىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىياتنى
خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى ئالغا يېتەكلەش،
سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئۆتكۈر قورالىغا ئايلاندۇرۇش-
تەك ئۇلۇغۋار ۋەزىپە تۇرماقتا. بىز پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئورتاق تىرىش-
چانلىقى ئارقىسىدا ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ژۇرنىلى-
مىزنى ھەرخىل تېمىدىكى مەزمۇنغا باي ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن
كەڭ ئاپتورلىرىمىزغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتورلىرى-
مىزنىڭ پارتىيە ئېچىپ بەرگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ داغدام
يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ يەنىمۇ ياخشى، مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىپ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تەھرىر بۆلۈم**



# بېغىشلىمىلار

سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇنەۋ-ۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى ئەدەبىيات ئىجا-دىيەتچىلىرىنى يېتىشتۈرەيلى!

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈل-لەندۈرەيلى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدە-نىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

ئىسمايىل ئەھمەد

1991-يىل 12-ئاپرېل

(مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش مۇدىرى)

坚持"两为"方向和"双百"方针，弘扬优秀文化传统，发表优秀作品，培养文学新人，繁荣社会主义文艺事业，为促进社会主义物质文明和精神文明建设而努力奋斗！

司马义·艾买提

1991.4.12

«قومۇل ئەدەبىياتى» نەشر

قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

«قومۇل ئەدەبىياتى» نىڭ قومۇل

ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ،

شىنجاڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم

ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ياخشى نە-

تىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە

تىلەك بىلدۈرىمەن.

س. سەيپۇللايېف

1991-يىل 5-ئاپرېل

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)

贺"哈密文学"创刊十周年

坚持"双为"方向，坚持"双百"方针，繁荣绿洲文艺，激励各族人民，为振兴哈密做出更大贡献！

陈法敏

九一、四、十一、

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.
«ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە، «ئىككى بارچە» فاڭجېنىدا
چىڭ تۇرۇپ، بوستان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلـ
قىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

چېن دېمىن

1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى)

"قۇمۇل ئەدەبىياتى" نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ

ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن،

سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش

يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەن-

دۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى!

ئايۇپ قۇربان

1991. 4. 12.

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

## تەبرىك خەت ۋە تېلېگراممىلار

**تەبرىك تېلېگرامما**

«قومۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان ئون يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. مەن «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ زور تۆھپىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

**قەييۇم تۇردى**

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

تەبرىك تېلېگراممىسى

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان ئۇن يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى نامىدىن ۋە شەخسەن ئۆز نامىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ھەمدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

سەيپۇل يۇسۇپ

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش كاتىپ)

## «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان ئون يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئون يىل جەريانىدا ئۇ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

بىز «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنالغا ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بارلىق مۇھەررىرلەرگە، يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلارغا سالام يوللايمىز.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» قىسقىغىنا ئون يىل ئىچىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ژۇرنال ئۆز سەھىپىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، قۇمۇل دىيارىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى.

بىز «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈندىن كېيىن نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە خۇشپۇرىقى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ، مول مېۋە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

## تەبرىك خەت

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئون يىللىق مۇساپىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ، قۇمۇل رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مول مەزمۇنلۇق سەھىپىلىرى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىستېتىك زوق بەخش ئەتتى. دەۋرىمىز روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپ خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. خېلىلا كۆپ ساندىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ياش ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەپ، يەرلىك ئاپتورلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتا تەشكىللاتچىلىق رول ئوينىدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن تەھرىرلەرگە سەمىمىي سالام يوللايمىز.

ئىشىنىمىزكى، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دەۋرنىڭ قەدىمىگە زىچ ماسلىشىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ھۇپپىدە ئېچىلدۇرۇش بىلەن تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

قىزغىن سالام بىلەن:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

تەبرىك خەت

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا مۇبارەك بولسۇن!

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇمۇلدىكى ياش ھەۋەسكارلارنى يېتەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ژۇرنىلىڭلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى، رەڭدار چىقىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز!

تەھرىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىگە، بۇ ژۇرنالنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەردي يولداشلارغا تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

تەبرىك تېلېگرامما

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇمۇل دىيارىدىكى بارلىق قەلەمداشلارنىمۇ قىزغىن تەبرىكلەيمىز. ھەمدە ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىجادىي ئەمگەكچىلارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

## تەبرىك خېتى

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن ۋە سەمىمىي تەبرىكلەيمىز.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» سەھىپىسى مول، مەزمۇنى ساغلام، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي تۈس بىلەن نامايان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىر ژۇرنال بولۇپ قالدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئەدەبىيات — سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك رېئال تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئى، يېڭى ئادەملەرنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا شېرىن بەدىئىي زوق، ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بېرىشتە كۆرۈنەرلىك كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بىز «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەڭ كىتابخانلارغا مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي تەمى تېخىمۇ تەملىك بولغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

تەبرىك خەت

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا جاپالىق ھەمدە قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون يىل، قۇمۇل ئىجادىيەت بوستانىدا ئېچىلغان «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نى ئەدەبىي ئىجادىيەت سەھنىسىدىكى پۇراقلىق ئەتىر گۈلگە شۇنداقلا سۈزۈك سۇلىرى تاشتىن تاشقا چاچراپ شوخ ئېقىۋاتقان سۈزۈك ئېقىنغا ئايلاندۇرۇپ، خۇددى قۇمۇل قوغۇنىدەك شېرىن - شەربەتلىك مېۋىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارغا سۇندى. بىز قېرىنداش ژۇرنال بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نىڭ بۇ مول مېۋىلىرىنى ۋە بېسىپ ئۆتكەن ئون مەزمۇت قەدىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن كۈنسېرى يۈكسىلىپ، تېخىمۇ مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت خەزىنىمىزنى بېيىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

قاراماي شەھەرلىك «قاراماي ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىل 25 - مارت

تەبرىك تېلېگرامما

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ۋە قۇمۇل بوستانلىقىدىكى ئاپتورلارغا ۋە ژۇرنال تەھرىرلىرىگە سەممىمىي سالام يوللايمىز. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدەك تېخىمۇ راۋاج تېپىپ، گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشمىز.

هۆرمەت بىلەن:

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

تەبرىك خەت

پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنى باشلاپ كەلگەن مەنىۋى باھار تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى رەڭگا - رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان مەدەنىيەت گۈلزارىغا ئايلاندۇردى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» شۇ گۈلزارلىقتا خۇشپۇراق چېچىۋاتقان بىر دەستەگۈل. ئۇ ئۆزىنىڭ ئون يىللىق سەپەر مۇساپىسىدە دەۋر روھى كۈچلۈك، قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. بىز يېپەك يۇرتىدىكى قەلەمكەشلەر «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بەتلىرىنى ئۆز ئەجرى، ماھارىتى بىلەن بېزەپ، ئىجادىيەت بېغىسىدە ئالغا ئۆزۈۋاتقان دوستلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز، ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىغا تىلەكداشمىز!

خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# «قومۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن

ئابلىز ئىسمايىل

«قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ژۇرنالنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەپ خەت يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، بۈگۈنگىدىن 11 يىل بۇرۇن مەزكۇر ژۇرنالنى تەسىس قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قايناپ - تاشقان قىزغىن ھېسسىياتلىرىمنى ئەسلىمەي تۇرالمىدىم. قومۇلدا بىر ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىش ئۇزۇندىن بۇيانقى ئورتاق ئارزۇيىمىز ئىدى. بۇ قومۇل رايونىدا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ، قومۇل رايونىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ئىدى. پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا بۇ تەققازالىق تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمە ژۇرنال چىقىرىش دوكلاتىمىزنى ماقۇللىغاندىن كېيىن 1980 - يىلى سىناق بىر سان ژۇرنال، بىر سان مەخسۇس قوشاقلار توپلىمى چىقىرىلدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى چىقىرىشنى تەستىقلىدى. بۇ چاغدا قومۇل رايونىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم.

ھەر قانداق بىر يېڭى شەيئى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ماڭىدۇ. «قومۇل ئەدەبىياتى» مۇ ئون يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. «قومۇل ئەدەبىياتى» ئىرن يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا ۋە ئىككى ھەممە فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىدى. دېمەك، ژۇرنال ئون يىللىق مۇساپىنى ساغلام قەدەملەر بىلەن بېسىپ ماڭدى. مەنچە بۇ، ژۇرنالنىڭ باشقۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئامىل ۋە ئاساسىي ئۇتۇق. ژۇرنال ئون يىلدىن بۇيان قومۇل ۋىلايىتىدىكى كەڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى خادىملىرىنى، ھەۋەسكارلارنى، ئەلنەغمىچىلەرنى، ئاقىنلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ياخشى بىر «تەشكىلات»لىق رولىنى ئوينىمىدى. ژۇرنال

ئاپتورلار قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتورلار سېپىنى كېڭەيتىپ، ئاپتورلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. ھازىرقى يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىكى يېزىقچىلىق سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى يولداشلارنى ئەلۋەتتە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت «مەكتەپ» قوينىدا يېتىلگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان تەھرىر يولداشلار ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى ۋە سىياسىي نىشانىدا چىڭ تۇرغاندىن تاشقىرى ژۇرنالنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مول، رەڭدار ۋە جانلىق، كۆركەم بولۇشىغا، بولۇپمۇ ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزگىچە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، ژۇرنالنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان بېيجىڭ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى، قېرىنداش ۋىلايەتلەردىكى بىر مۇنچە پېشقەدەم شائىرلار، يازغۇچىلار كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئەۋەتتى. بۇ ئەسەرلەر ۋە تەبرىك خەتلەر ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ 1980 - يىلى 12 - ئايدا نەشردىن چىققان مەخسۇس ساندا رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭدىكى كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، خادىملىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ژۇرنال چىقىپ ئىككى يىل بولمايلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ، ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن، سەمىمىي تەبرىك خەتلىرى ۋە تەلەپ، ئۈمىدلىرى كېلىشكە باشلىدى. ژۇرنال يازما ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىنى — خەلق قوشاق، بېيىتلىرى، داستانلىرى، چۆچەك، ماقال - تەمسىللەر، پاراڭ - لەتىپىلەر، تېپىشماق، رىۋايەت... قاتارلىق تارىخىي مىراس، مەنىۋى تەۋەرۈكلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، نۆۋەتتە قۇمۇل رايونىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىي تارىخىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ۋە توپلاش خىزمىتىنىڭ بىر قەدەر ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتقانلىقى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇنىڭ ھۇلىنى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇرغان، ئاساسىنى تىكلىگەن. چۈنكى ژۇرنال نەشر قىلىنىش بىلەنلا مەزكۇر خىزمەتلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز دوكلات ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، تەشۋىقات ۋە تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇردى. شۇنىڭدەك قۇمۇل 12 ۋاڭلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ۋە بىر قانچە تارىخىي

تەتقىقات ماقالىلىرى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدەك ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنغان ماقالىلار ۋە بىر مۇنچە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە ماقالىلىرى، سەھنە ئەسەرلەر، قۇمۇل 12 مۇقام تېكىستلىرى ھەققىدىكى ماقالىلار، قۇمۇل خەلق داخشىلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، چەتئەل يازغۇچىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپ تۇردى. قېرىنداش ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۆزئارا ئۆگىنىش ئاساسىدا ئېلان قىلىنىپ ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى.

ژۇرنال تېخى ئون ياشقا كىردى. كېيىنكى مۈچەللىرىدە يەنە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قازىنىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇ ماقالەمنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا ژۇرنالنىڭ 1982 - يىلى 2 - 1 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇشتىرىلار ئەۋەتكەن تەبرىك خەت ۋە تىلەك - ئۈمىدلىرىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بۇ خەتلەر نېمىدېگەن سەمىمىي يېزىلغان - ھە! بۇ خەتلەر كەڭ مۇشتىرىلارنىڭ تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ مەقسەت، مەجبۇرىيەتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تەبرىك ۋە ئۈمىدلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى. ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ مۇشۇ تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئادا قىلالىغانلىقىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ غەلىبە سېرى ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق تەھرىرى مەرھۇم تېيىپجان هادىنىڭ 1981 - يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نى تەبرىكلەپ يازغان خېتىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى تەكرار يېزىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم:

«... داڭلىق قۇمۇل قوغۇنى ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ، ئېغىزلىرىمىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرگىنىدەك «قۇمۇل ئەدەبىياتى» يۈرىكىمىزگە دائىم ھوزۇر بېغىشلىغۇچى پۇراقلىق گۈل بولۇپ چېچەكلىگۈسى...»

1991 - يىلى 6 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

(شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

# قۇمۇل دىيارىنىڭ ئىپتىخارى

— «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

مەن قۇمۇل دىيارىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ماكان. تارانچى تاشقورالىرى، بارىكۆل قىياسىزمىلىرى، لاپچۇق قىزىل چوقا قەدىمىي قەبرىلىرى، تاش، ساپال، مىس قوراللار بىلەن ئۇچلۇق مالاخاي ۋە كۆللۈك تىۋىت ۋە يىپەك كىيىم-كېچەكلەر قەدىمىي قۇمۇل ئەزىمەتلىرىنىڭ ھاياتقا، گۈزەللىككە، مەدەنىيەتكە بولغان قايناق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت خۇددى چاپچىپ تۇرغان تۇلپاردەك ئەسىرلەر ئۇيۇقىنى بۆسۈپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. قۇمۇل خەلقى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ چەۋەندازلىرىغا ئايلاندى!

مەن قۇمۇل دىيارىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق سەنئەت مۇساپىسىگە ئىگە ماكان. تاكى داڭدار ساياھەتچى جاڭچەن قۇمۇلدا «مۇقدۇر» (ئۇلۇغدۇر) مۇقامىنى ئاڭلىغىچە، بۇ دىياردا قەدىمقى توتېم ئەنئەنىسى ئۈزۈلمىگەن. قەدىمكى لاپچۇق قىزلىرى رەڭدار كىيىنىپ، بۇلغارى ئاياغلىرىغا مىس بېزەكلەر تاقاپ، بارىكۆل كۆيسۇ جۇۋانلىرى قىزىل مىس ئەينەككە قاراپ ئوسما قويۇپ، قارادۆڭ چوكانلىرى قىزىل كوزىلىرىنى كۆتۈرۈپ مۇھەببەت ۋە كۈرەش ئۇسسۇللىرىنى ئۈزۈلدۈرگىنى يوق. «كۆك مەشرىپى» ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنىڭ ھۆسنىنى تۈزدى. قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ ئۇلىنى تىكلىدى. نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇل-جۇلا بەخت-سائادىتى جەملەنگەن قۇمۇل خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي سەنئەت خەزىنىسى بولۇپ قالدى.

مەن قۇمۇل دىيارىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ بىزنىڭ «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىمىز» نىڭ گۈلشىنى، يىپەك يولى دوستلۇق رىشتىمىزنىڭ مەشھۇر ئۆتكىلى بولغان. بۇ مەدەنىيەت قانىلىدا شەرق جاۋاھىراتلىرى بىلەن غەرب دۇردانىلىرى، جەنۇب ھېكمەتلىرى بىلەن شىمال گۆھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇلۇغ ساياھەتچىلەر، ئۇلۇغۋار سەركەردىلەر، مۆتىۋەر مۆتەپەككۇرلار، گۈزەل سەنئەتچىلەر بىلەن تىلسىم سەھەرۋازلار بۇ ۋادىنىڭ تۈزىنى تېتىپ، ئابىھايات سۇ-

يىدىن بەھر ئالغان. ئۇ قەدىردىن بېرى يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ قۇياشنى، باھارنى، ئازادلىقنى دەسلەپىدىلا كۈتىۋالىدىغان مۇبارەك بوسۇغىسى ھوزۇرىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ كۆپ مىللەتلىك، سوتسىيالىستىك، زامانىۋى يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىمىزدا ئالتۇن كۆزنەك.

مەن قۇمۇل دىيارىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مەردلىك ۋە قەيسەرلىك ئوچىقى. كۈرەشچان ۋە شۆھرەتلىك قۇمۇل پالۋانلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئانا ماكان، قۇمۇل ئەمگەكچىلىرى يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم توسۇپ قويغان قاباھەت دىۋىلىرى بىلەن چىستانى ئىلىك بەكتەك كۈرەشتى. يېقىنقى بىر يېرىم ئەسىر مابەينىدە چەتئەل جاھانگىرلىرى، ئىچكى مىلىتارىستلار، يەرلىك زومىگەرلەرگە قارشى تاغدەك قەد كېرىپ، گۈلدۈرماممىدەك نەرە تارتىپ، چاقماقتەك قېلىچ ئوينىتىپ، بوراندەك شىددەتلىك كۈرەش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى نۇرانە قۇياش شەپىقى بىلەن بېزەندى. قۇمۇل پالۋانلىرى ئەمدىلىكتە سوتسىيالىزم داغدام يولىدا زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنمەكتە.

مەن قۇمۇل دىيارىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ماكان، باي ماكان، كۆكلۈك ماكان. گۈزەل باغداش تاغلىرى ئاجايىپ جەزبىكار تەبىئىي ھاسىل گۈلشەن. ئۇنىڭ تاغ - سۇلىرى، باغ-يېزىلىرى، قېرى - ياش كىشىلىرى ھەقىقەتەن سىزدىمۇ، يېزىدىمۇ، كۈيلەپمۇ، سۆزلەپمۇ تۈگەتكۈسىز گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك. باردىكۆلنىڭ بەرقۇتتەك يايلىقى، زۇمرەتتەك كۆلى، تاغدىن سىرغىپ چىققان مارجان سۇلىرى، لاپچۇقنىڭ ياڭاقتەك چوڭ - چوڭ ياقۇت چىلىنى، ئالتۇن ئۈرۈكلىرى، قۇمۇلنىڭ سۈزۈك مۇسەللەسلىرى، ئاراتۈرۈكنىڭ بۆك ئورمانلىقلىرى كىشى تېنىدىن ھارغىنلىق، ئادەم قەلبىدىن ھەسرەت كىرلىرىنى يۇيۇپ، ئۈمىد ۋە لەززەتنىڭ يېڭى ۋە جۇشقۇن روھىيىتىنى بېغىشلايدۇ. قۇمۇل بارغانسېرى تېخىمۇ تولۇپ، ھۆسنى-جامالىنى جۇلالاندۇرماقتا. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي قەدەملىرى ئارىسىدا قۇمۇل تۇلپارلىرىنىڭ مەردانە پەرۋازى بار، ئۇ ئۆزى بىر تاماشا!

مەن قۇمۇلنى ئىككىلا قېتىم كۆردۈم. بىرىنچى قېتىمى 1950 - يىلى يازدا، غەربىي شىمال ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلىيىتى بىلەن غەربىي شىمال ياشلار قۇرۇلتىيىغا بېرىشتا بۇ مۇبارەك ماكاندا بولدۇم. بىز بىلەن بىر ماشىنىدا مەرھۇم شائىر، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تالانتلىق ۋە كەملى ۋە ئاساسچىلىرىدىن بىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ بىللە ئىدى. ئۇ چاغدىكى قۇمۇل، قاچقان ماچىڭشاك قوشۇنلىرىنىڭ ئوت قويۇشىدىن كېيىن ھالىنى ئەمدى ئوڭشاۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا گۈزەل ۋە مېھرىبان ئىدى. بىز قۇمۇلغا يەتكۈچە يولدا ئوسمان باندىتلىرىنىڭ پىلموت «مۇزدىكا» لىرىنى ئاڭلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ براۋنىۋىك (قاپلانغان) ماشىنىسىنىڭ ھىمايىسىدا كەلدۇق. شۇ چاغدىلا قۇمۇل ماڭا «غەلىبە» ۋە «ئارام» دىيارى بولۇپ بىلىنگەنىدى.

ئىككىنچى قېتىم ئارىدىن 38 يىلنى تاشلاپ، ئىككىنچى تاڭ كۈلگەن يىللار-

نىڭ بىرىدە، 1989 - يىلى ياز پەسلىدە قۇمۇل ھوزۇرىغا كەلدىم. بۇ قېتىم ھەم ئارخېئولوگىيىلىك زىيارەت بىلەن ھەم قۇمۇل مۇقام - مەشرەپلىرىدىن تەلىم ئېلىشتەك شارائىت بىلەن بۇ دىيارغا قەدەم باستىم. ئۆز ئىشىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىغا يەنە كۆتۈلمىگەن بىر قانچە پوزۇر ئىشلارنىڭ ئۇتۇقلىرى قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىسى، قۇمۇل ئەلنەغمىلىرىنىڭ تونۇلغان ماھىر ئۇستازى — ئاقپاشا ئاكا بىلەن ئۇنىڭ «يۈز خىل گۈللۈك» ھويلىسىدا ئۇچراشقانلىقىمىز، پاراڭلاشقانلىقىمىز بولدى. بۇ، ئەمدىلىكتە ئارىمىزدىن كېتىپ قالغان پېشقەدەم ئۇستازدىن ئايرىلىپ قالغانلىق قايغۇلىرىمىزنى ئۇنىڭ تەۋەرۈك كۆڭلىرىگە مۇيەسسەر بولۇش خۇشاللىقى بىلەن بولسىمۇ ئاز - تولا يەڭگىللىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككى قېتىملىق قۇمۇل زىيارىتىمنىڭ ئارىسىدا قۇمۇلغا ئىككى قېتىم «مەكتۇپ» ئەۋەتتىم. بۇ دوستۇمىز ئابدۇللا ئارقىلىق دادامنىڭ يېقىن دوستى ۋە مەن ئۈچۈن ئېتىبارلىق ئۇستاز سەيپۇللايۇپقا ئەۋەتكەن ئىككى كۇبلېت رۇبائىي ئىدى. ئېغىر كۆڭلەردە، ئېغىر كۆڭلەرنى خاراكتېرلەپ ۋە ئېغىر كۆڭلەرنىڭ تەسۋىرى ماجازىغا لايىق يېزىلغان بۇ ئىككى رۇبائىينىڭ بىرى مۇنداق ئىدى:

«چەرقى تۈگمەندەك تېنىمگە سوقسىمۇمىنىڭ بىر بالا،
تۇرسىمۇ تاش ئۈستىدە تاش، پىرى ئويناپ شۇنچىلا،
نو بىلەن چۈشكەن بېلىقنىڭ زارىدىن كۆڭلۈم يارا،
قىلدى كىم، دەيمەن يانا، قايىنامغا سىزنى مۇپتالا.»

ئۇنىڭدىن بىرەر يىل كېيىن ئەۋەتىلگەن رۇبائىي مۇنداق يېزىلغان:

«ئۆتتى كۆپ يىل نۇر ئالالماي ھۆسنىڭىز دىدارىدىن،
كەتمىدى بىردەم ئەقىدەم مېھرىڭىز گىردابىدىن.
گۈلسۇرۇقتەك، ئىچمىسەممۇ باغى پىردەۋس ئابىدىن،
قىزىرىپ يۇلغۇن چېچەك ئاچتىم ھارارەت تابىدىن.»

مانا بۇ، تېخى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دۇنياغا كەلمىگەندە بۇ دىيارغا يوللىغان ئىككى پارچە ئەدەبىي «ئەسىرىم» بولدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» — گۈزەل دىيارنىڭ نۇرانە ھۆسنى قۇتلۇق ماكانىنىڭ ئىپتىخارلىق لەۋھەسى سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆز سەھىپىلىرىدە ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، داستان، ماقالە ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، قۇمۇل خەلقىنىڭ مەنىۋى تەقەززالىرىنى تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشماقتا. بىز «قۇمۇل ئەدەبىياتى» غا غەمخورلۇق قىلىۋاتقان رەھبەر، مۇئەللىپلەر، كىتابخانلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز. بىز «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىۋاتقان تەھرىرلەر ۋە باسما خادىملىرىگە مىننەتدار-

لىق بىلدۈرمىدۇ. ئۇلار بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىپ پۈتمەيدىغان روھىيەت ئوزۇقى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. ئۇلار خەلق نەزىرىگە ئوبرازلىق ئوقۇش كىتابى بېغىشلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى پۈتۈن مىللەت كەۋدىسىگە يېڭى غايە، يېڭى ئۈمىدۋارلىق، يېڭى ئىرادە، يېڭى مەنىۋى خىسلەت ئاتا قىلغانلىقى بىلەن مۇقەددەس.

مەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ دائىمىي كىتابخانى. مەن ئۇنى بىرەر ئىچ پۇشقى ئۈچۈن ئەمەس، كۆيۈنۈپ ھەم سۆيۈنۈپ ئوقۇيمەن. ئۇنىڭ ھەربىر سەھىپىسىنىڭ ماڭا بولغان قىممىتى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقىلىدىغان ژۇرناللارنىڭ بىۋاسىتە خەلق نەپەسلىرىدىن يەتكۈزىدىغان ئوبرازلىق ئۇچۇرىنىڭ قىممىتىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ بىۋاسىتە خەلق تىنىقلىرى مېنىڭ قەلبىمنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمىدىن ئىبارەت.

مەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئەرزىمەس ئاپتورى، بىرلا خۇشال بولىدىغىنىم چەت ئەلدە نەشىر قىلىنغان، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغان مەلۇم بىر ئىلمىي ماقالەمنى دۆلەت، ئۆلكە دېگەندەك ژۇرنال دەرىجىلىرى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئورگىنى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» غا ئەۋەتتىم، بۇ ھېسسىياتىمنى داجىتمايمەن!

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئون يىللىق مۇساپىسىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئون يىللىقى، كېلەر ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان 2001 - يىلى بولغۇسى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئۆز دىيارى بىلەن بىللە، پۈتۈن جۇمھۇرىيىتىمىز بىلەن بىللە كەلگۈسىگە كىرىپ بارىدۇ. شەرەپ ۋە ئۈتۈق بىلەن كىرىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنى، ئىپادىلەشتە چىۋەرلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇنىڭ ئاساسىي خىزمىتى كۆرۈنۈشتە ژۇرنال چىقىرىش بولسىمۇ، ماھىيەتتە قۇمۇل دىيارىدىكى خەلقىمىزنىڭ يېڭى روھىيىتىنى بەرپا قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. روھ — تەقدىرنىڭ تىزگىنى! قانداق روھ قۇرۇلما بولسا، شۇنداق تەقدىرنىڭ ئىقبالى يۈز ئاچىدۇ. روھىيەت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىشى مۇمكىن. روھىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش — نادانلىق ۋە قالاقلىقنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك مىللەت روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش بىناكارلىقىدا ئەدىب مۇتەپەككۇرانە پىكىر قىلىدىغان بولۇشى، پۇچەك ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكى، قۇياشقا يۈزلىنىپ مەردانە ئىلگىرىلىشى لازىم بولىدۇ. گوگول توغرا ئېيتقان: «ئەگەر سەن بىر ئەۋلاد كىشىلەردىكى بارلىق پەسكەشلىكنى پۈتۈن يىلتىزى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمىسەڭ سەن جەمئىيەتنى، بارلىق بىر ئەۋلادنى گۈزەللىككە يېتەكلىيەلمەيسەن.» مانا بۇ ھەقىقىي ئاقىلانە تەپەككۇرنىڭ ھەقىقىي پىداكارانە مۇھەببەتنىڭ دەۋىتى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى»غا يېڭىدىن - يېڭى تەنتەنىلەر تىلەيمەن.

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسورى)

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## قۇمۇل ئەدەبىياتى
## ئون يىللىقىغا مۇبارەك

### قۇتلۇقلايمەن تويۇڭنى

**ھەسەن مامۇت**

ئەسلىمەمنىڭ يارقىن بەتلىرى،
ئۇنتۇلمىدى، ئۇنتۇش ھەم قىيىن؛
تېخى ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمدەك،
كۆز ئالدىمغا كېلەر يەر زېمىن.

باللىقىنىڭ سەبى ئىزلىرى،
قالغانىدى تونۇش يوللاردا.
يىراقلارغا تەلپۈنۈپ بېقىپ،
گۈزەل ئارزۇ پۈككەن دىللارغا.

بەلكىم گۆدەك بالا چاغلىرىم،
مومام ئېيتىپ بېرەتتى قىسسە.
خۇشاللىقتا چاۋاك ئۇراتتىم،
قۇم قەلئەردىم ئۇتۇقلۇق پۈتسە.

باللىقىم ئۆتكەن شۇ زېمىن،
ماڭا بەرگەن چەكسىز كۆيۈنۈش.
سەھىپەڭگە قارىسام ھەررەت،
نېسىپ بولار يېڭى سۆيۈنۈش.

كۆك چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ،
ئېتىز - يوللاردا چاپاتتىم خۇشال.
چاچلىرىمنى تارايتتى لەرزان،
تاغ باغرىدىن ئۇچقان شوخ شامال.

ئاھ، شۇلاردىن سۆيۈنۈپ بۇدەم،
شېئىرىمدا سالام يوللايمەن.
ئون يېشىڭنى — زەپەرلىرىڭنى،
شاد ئاخشامدا قىزغىن كۈيلەيمەن.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

### ئېچىل يەنە توق قىزىل

**مۇھەممەت ئەخمەت**

نەزمە تۈزدۈم بولسۇن دەپ ئون يېشىڭغا مۇبارەك،
قانداقسىگە جىم تۇرغاي، سوۋغا تۇتماي بۇ يۈرەك.

ئىلا گۈلگە سۇ بېرىپ زېرىككەندە بۇلاقلار،
بىر ئاخشىمى كۆپ ئاڭلاپ زېرىككەندە قۇلاقلار؛

كۆك يۈزىدىن جۇت كېتىپ، قۇياش كۈلۈپ باققاندا،
باھار كېلىپ بارچە گۈل غۇنچە - چېچەك تاققاندا؛

سەن تۇغۇلدۇڭ سەھەردە ئۆرلەپ چىققان چولپاندەك،
زوقنى تارتتى سەھىپەڭ خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك.

بوستان ئارا چوغلىنىپ قىزىلگۈلدەك ئېچىلدىڭ،
شەۋق بېغىغا دىللارنىڭ ئىپار بولۇپ چېچىلدىڭ.

لەززەت ئالدى سېنىڭدىن ئىشچان ھەسەل ھەرىسى،
ھەر ئېچىلساڭ پورەكلەپ كېلىپ ساڭا ھەۋەسى،

باغچاڭدا ھەر سەھەر قۇياش باغداش تېغىدىن،
تەبرىكلىدى سېنى، گۈل ئۈزۈپ باغداش بېغىدىن.

پەخىرلەنمەي قانداقچە يۇرت قۇلاقتا قىسسا گۈل،
تېشىپ تۇرسا شادلىقىم چىنىسىدىن ئىدىل ـ كۆڭۈل.

سەن ئىجادقا باغۋەنسەن، پەرۋىش تاپتى قەلەملەر،
ئەلگە مېۋە بەرمەكتە يەرگە كىرگەن ئۆرەنلەر.

تۇغقان يېڭى باھارنىڭ مەدەنىيەت كۆككىسەن،
ئەلنىڭ پەخرى، غۇرۇرى، يۇرتنىڭ گۈزەل كۆركىسەن.

قېنىڭ سىڭدى مۇھەررىر سېنىڭ ھەربىر ھەرپكە،
چاچقۇ قىلاي قۇياشنى ئاز ئېرىشتىڭ تەرىپكە.

مەنسۇپ بولدى ئاپتورغا خۇرۇچ قوشساڭ ئەسەرگە،
ئېرىشتۈردىڭ مۇرەككە ئۆزگىلەرنى زەپەرگە.

مۆكتىي قۇرلار تەكتىگە سېنىڭ ياشلىق باھارىڭ،
ئەشۇ ئىدى ھاياتتا يەتمەك بولغان ئارمانىڭ.

نۇر چاچقۇسى گۆھەردەك ھەر سەھىپەڭ، ھەر زەررەڭ.
مىراس بولۇپ قالغۇسى ئەۋلادلارغا خەزىنەڭ.

ئېچىلىپ يەنە توق قىزىل، بەرگىن ئەلگە مول مېۋە،
قۇچقىن يەنە شان ـ شەرەپ، ئامەت بولسۇن نېسىۋە.

## چىمەننىڭ بىر گۈلى دەيمۇ

ئوسمان ھوشۇر

قۇمۇل بوستانىنىڭ رەڭدار ئېچىلغان بىر گۈلى دەيمۇ؟
چىمەننىڭ ھېچ تىنىم تاپماس ناۋاكەش بۇلبۇلى دەيمۇ؟
ئېچىلدىڭ، خۇشپۇراق چاچتىڭ دىماقلار ئالدى چىن لەززەت،
پۇراقىڭنى ئىپار، ئەنبەر، رەيھان، سۇمبۇلى دەيمۇ؟
كى سەنئەت باغىدا چاقناپ، ياندىڭ، ئۆچمىدىڭ ئەسلا،
يېشىل بوستاننى كۈلدۈرگەن مەرىپەت مەشئىلى دەيمۇ؟
داۋانلار ئاتلىدىڭ مەغرۇر يېڭىپ مۈشكۈل جاپالارنى،
يېڭى مەنزىل ئۈچۈن چاپقان دەۋرنىڭ دۇلدۇلى دەيمۇ؟
قونۇپ بەرگى- شېخىڭغا كۆپ غەزەلخان كۈي-قوشاق قاتتى،
كۆڭۈللەرنى ياشارتقان كۈي، مۇقامنىڭ مەرغۇلى دەيمۇ؟
بەئەينى قار گۈلىدەك تۆت پەسىلدە تەڭ پۇراق چاچتىڭ،
ئاشۇ بوستان ئارا رەڭدار چىمەننىڭ سىر خىلى دەيمۇ؟
مىسالى جىلۋىلىك گۈلشەن، كۆڭۈل مەپتۇن جامالىڭغا،
نازاكەتتە تېڭىڭ يوقتۇر گۈزەللەر گۈزىلى دەيمۇ؟

◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆

## مۇبارەك ئون يېشىڭغا

ئارسلان تالىپ

بۈگۈندىن ئون يىل مۇقەددەم (مەن قەشقەردە)
ھىدلىغانتىم دىيارىمنىڭ باھارىنى.
تۇنجى ساننى ئالغىنىمدا ھۆرمەت بىلەن،
ھاياجىنىم بولغانىدى سۇ تاشقىنى.

---

پاھ، ئەجەبمۇ تونۇش چىراي، تونۇش ئىسىم،
دېگەنىمدىم شادلىقىمدىن سەكرەپ- يۈگرەپ.
زوق بېغىشلاپ ماڭا ئىلھام بەرگىنىدە،
ئەمدى ياتماي دېگەنىمدىم ئەسلا مۈگدەپ.

شۇندىن بۇيان ھەمراھ بولدى ماڭا ھەر سان،
كېلىپ تەگسە تىترەپ كېتەر قوللىرىممۇ.
بىلمىنىمدۇ ھەتتا چىن يار سەيلىسىدە،
ئۆزگەرگەندەك باسقان ھەر بىر يوللىرىممۇ.

ئۆز ئەسىرىم ئورۇن ئالسا بەتلىرىدىن،
ئۇزۇنغىچە ئولتۇرىمەن سۈرۈپ خىيال.
سۇنغان مېۋەم توگمۇ ـ پىششىق دېگەن ئويلار،
ھېس ـ تۇيغۇمنى قىلار تېزلا ئەسىر ـ قامال.

نامسىز باغۋەن پەرۋىشىنى ئويلىغاندا،
قىزىرىدۇ يۈز ـ بەتلىرىم چىمىرلىشىپ.
ھەتتا كېتەر خىياللىرىم يۇرتۇم سايان،
سۆزلىشىدۇ دوستلار بىلەن پىچىرلىشىپ.

تۇرماقتىمەن سەندىن يىراق مەن ھازىرمۇ،
تەلپۈنىدۇ كۆڭلۈم ھامان سەن تەرەپكە.
ئۇتۇقلىرىڭ سۆيۈندۈرۈپ تۇرغان بىلەن،
مەن يېتەلمەي يۈردۈم لېكىن شۇ تەلەپكە.

كېچىرىڭلار دوستلار مېنى، كېچىرىڭلار،
ئەجرىمدىن بىر دەستە گۈل سۇنالمىدىم.
خىجىللىقتىن يەرۇ قاتتىق، ئاسمان يىراق،
دەيمەن شۇڭا پات ـ پات ئەھۋال سورالمىدىم.

ئون يىل دېمەك چوڭ توي بۈگۈن قەلەمكەشكە،
كۆرمەكتىمەن ئاشۇ تويىنىڭ ساماسىنى.
مەنمۇ تويىنىڭ يىراقتىكى ئەھلى بولۇپ،
ياڭرىتىمەن يۇرتۇمنىڭ شوق ناۋاسىنى.

---

## مۇبارەك

### ئېلى زەھمەت

ئانا يۇرتۇم قۇچىقىدا ئېچىلغان،
لالە گۈلۈم ئۇن يېشىڭغا مۇبارەك.
ۋۇجۇدىڭدىن تەشنا دىلغا چېچىلغان،
تىنىقىڭغا — خۇش ھىدىڭغا مۇبارەك.

جەڭچى بولۇپ جەڭ سېپىگە قېتىلدىڭ،
جەڭدە قۇچقان شەرىپىڭگە مۇبارەك.
يېڭىپ كۆرمىڭ مۇشكۈللەرنى يېتىلدىڭ،
ئەل ئىچىدە تەرىپىڭگە مۇبارەك.

بولدۇڭ قىران، ئەمدى بوۋاق ئەمەس سەن،
كۈچكە تولغان قۇرامىڭغا مۇبارەك.
گۈللە يەنە ئەلدىن ئېلىپ قۇۋۋەت سەن،
كۈندەك ئىللىق ئۇزايىڭغا مۇبارەك.

ھەر قۇرۇڭدا ئانا تۇپراق ھىدى بار،
شۇ مۇقەددەس قۇرلىرىڭغا مۇبارەك.

تىلىڭ تاتلىق، دىلدا چوڭقۇر ئىزى بار؛
ماڭا تونۇش تىللىرىڭغا مۇبارەك.

سېنىڭ ئۈچۈن سۈمبۈل چېچى ئاقارغان،
غەمگۈزارلىق — باغۋەنىڭگە مۇبارەك.
ھەر كۆرگەندە سېنى ئۇن ياش ياشارغان،
ناخشا خۇمار دىلكەشىڭگە مۇبارەك.

شۇنداق گۈلنى قۇچىقىدا ئۆستۈرگەن،
ئېزىز قۇمۇل — ئانا يۇرتقا مۇبارەك.
ناخشا بىلەن كۆڭۈللەرنى كۈلدۈرگەن،
غەزەلچىگە — دىلى ئوتقا مۇبارەك.

كۆز تەگمىسۇن، ياشنىغىن، تاپقىن كامال؛
ھوزۇرلانسۇن سېنىڭدىن بارچە يۈرەك.
ئاشىقلىرىڭ سەن بىلەن تاپقاي ۋىسال،
تۇمار بولسۇن بويۇڭغا ياخشى تىلەك!

**************

قۇمۇل ئەدەبىياتى
ئون ياشىڭغا مۇبارەك

## تەبرىك ۋە ئۈمىد

قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارىدا پۇراق چاچقان، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مول روھىي ئوزۇق يەتكۈزۈش يولىدا هارماي ـ تالماي ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىۋاتقان سىرداش دوستۇم ـــ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئون ياشقا كىرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

مەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ھەر قېتىملىق يېڭى سانلىرىنى كۆرگىنىمدە خۇددى ئۆزۈمنى قۇمۇل دىيارىنىڭ تېپىك جايلىرىدىن بولغان باغداش، ئاردىتام، لاپچۇق، قارادۆۋە، راھەتباغ، ئاقتاش، سەرۋەك، تەڭرىتاغ يېزىلىرى ۋە كەمخاپتەك يېشىلزار گۈزەل تاغ، باغلىرى ۋە ساپ ھاۋالىق كەگرى يايلاقلىرىدا سەيلى ـ ساياھەتتە بولغاندەك ھېس قىلىمەن. قۇمۇل رايونىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت قايناق كۈرەش قاينىمىدا بىرگە ئۆزگەندەك بولىمەن. شۇڭا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ژۇرنالنى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ چىقىرىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان تەھرىرلەرگە سەممىمىي سالام يوللايمەن! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىسلىسىز چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدىغان 90 ـ يىللاردا «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا 4 ئاساسىي پرىنسىپتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىش يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن!

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەلچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ـــ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تېخىمۇ روناق تاپسۇن!

ھۆرمەت بىلەن:

بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر شۆيۈەنى تەييارلىق بۆلۈمىدىن

رەيىم يۈسۈپ

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# بوستاندا پورەك ئاچقان غۇنچە

ئەخمەت ئىمىن

ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگىدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
— ئا. ئۆتكۈر

1980 ـ يىلى مەن ئون نەچچە يىل ئايرىلغان ئانا يۇرتۇمنىڭ مېنى ئۆستۈرگەن ئىللىق باغرىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلگىنىمدە، قۇمۇل بوستانلىقىدا بىر دەستە غۇنچە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى پورەك ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ قەلبىم ئالەمچە سۆيۈنگەنىدى. چۈنكى ئۇ، يۇرتۇمنىڭ — قۇمۇلنىڭ ئۆز مەھسۇلى ئىدى. ئۇ ماڭا ئىلھام بېغىشلىدى، ئۈمىد ئاتا قىلدى. مەن قەلىمىمنى ئېلىپ بۇ غۇنچىنىڭ پورەكلىشىگە ھەسسە قوشۇشقا بەل باغلىدىم.

قۇمۇل ئۇزاق تارىختا ۋە مول مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە بىر قەدىمىي يۇرت. قۇمۇلنىڭ ئىشچان، ئاقكۆڭۈل، مەرىپەتپەرۋەر خەلقى تارىختا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى ياراتقان. قۇمۇل پەقەت ئۆزىنىڭ بال تامچىغان شېرىن قوغۇنى بىلەنلا ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلق 12 مۇقامى قاتارىدا ئورۇن تۇتىدىغان قۇمۇل خەلق 12 مۇقامى؛ مول، رەڭدار ئەل نەغمىسى؛ ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ـ سوتۇققا ئىگە ناخشىلىرى بىلەن ۋە خىلمۇ خىل ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر. قۇمۇلنىڭ بۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەتلىرى تارىختا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاسارىتى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئون نەچچە يىل بۇرۇختۇرمىلىققا مەھكۇم قىلدى. پەقەت پارتىيە مەركىزى كومىتېتى دانا تەدبىر قوللىنىپ «4 كىشىلىك گورۇھ» نى تارمار قىلغاندىن كېيىنلا، ھەقىقەت قۇياشى پارلاپ، زۇلمەت قارا بۇلۇتلىرى قوغلىنىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز باھار نۇرىغا چۆمۈلدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ يېڭىدىن جانلىنىپ مەرىپەت ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ گۈزەل باھار ئەييامىدا باھار ئاپتىپىدىن كۈچ ئېلىپ، قەدىمىي مەدەنىيەت يۇرتى قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ مۇنبەت مەرىپەت زېمىنىدا «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئەجدادلار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىيات سېپىدە يېڭىچە تۇس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ بىر تۆھپە، بىر باشلىنىش بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئەجدادلار ئىشىنىڭ داۋامى، ئەۋلادلارنىڭ تىلىكى بولدى. ئۇ مەيدانغا

كېلىشى بىلەنلا باھار غۇنچىسىدەك ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئەينى ۋاقىتتا يېڭى دۇنياغا كەلگەن «بوۋاق»قا ئوخشايتتى. بۇ «بوۋاق» غايەت زور ھاياتىي كۈچ بىلەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئون يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ، بۇ يىل ئون ياشقا كىردى. ئون يىل ئەسىرلەر سەھىپىسىدە ھېچقانچە ۋاقىت ئەمەس. بىراق، ھايات سەپىرىدە ئون يىل چوڭ بىر مۇساپە. بۇ ئون يىل جاپالىق ئون يىل بولدى، غەلىبىلىك ئون يىل بولدى، بۇ ئون يىلدا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنىڭ تەربىيىسىدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تۇسۇن تايدەك چېپىپ يۈرگەن بىر ساغلام ئۆسمۈر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ھازىر پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تارقىلىپ، قۇمۇل دىيارىنى ھەممىگە تونۇتماقتا.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» گويا بىر بۆشۈك بولدى. قۇمۇلدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئون يىل مابەينىدە بۇ بۆشۈكتە ئۆسۈپ يېتىلدى.

بۇ ئون يىلدا ژۇرنال ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى كەڭ سورۇن بىلەن تەمىنلەپ، ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئۇلارنى تەربىيىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھازىر زور ساندىكى بىرقەدەر پىشقان ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۋالدى. ئىلگىرى ژۇرنالدا چالا - چۇرۇش شېئىرلار بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىلا ئېلان قىلىنغان بولسا، يېقىنقى يىللاردا خېلىلا پىشقان شېئىر، ھېكايىلەر، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ ژۇرنالنىڭ سەھىپىسى كېڭەيدى، مەزمۇنى بېيىدى.

بۇ ئون يىل داۋامىدا ۋەتىنىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈپ، ئالتىنچى، يەتتىنچى بەش يىللىق پىلانلارنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ مەزگىلدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قۇمۇلدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش، خەلقنى تەربىيىلەش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئالغا يېتەكلەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتلەردە مۇئەييەن رول ئوينىدى. خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ ئۈزلۈكسىز پىشىلدۇردى. بۇ يىل «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغىنىغا ئون يىل بولدى. بۇ كىشىنىڭ قەلبىنى چەكسىز خۇشال قىلىدۇ. مەن قەلەمكەش دوستلار قاتارىدا بۇ بوستان غۇنچىسىغا شېئىر، ھېكايىلىرىم بىلەن زەررىچە كۈچ قوشالىغانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتىمەن.

1991 - يىلى ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ 10 يىللىق پىلانى ۋە سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ تۇنجى يىلى. ئىشىنىمەنكى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ كۆپ ئاپتورلارنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ.

قۇمۇل بوستانىدا ئېچىلغان بۇ غۇنچە يەنىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ، يەنىمۇ خۇشپۇراق چاچالايدۇ.

# مۇبارەك، شانلىق ئون يېشىڭ

راخمانجان روسۇل

ئەسسالام، ئىلىم ـ ئىرپان بېغىدىكى خۇشپۇراق گۈللەرنى تۆجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا بېغىشلىغۇچى، ئىنسان روھىغا خۇشپۇراق تارقاتقۇچى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى مۇنبەت ئەدەبىيات زېمىنى بىلەن تەمىن ئېتىپ ئۇلارنى سەپكە قوشقۇچى «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، شانلىق ئون يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن!

ئەسسالام، تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يۆلەش، يېتەكلەش، ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدا تاۋلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئەدىبلەرنىڭ توختاۋسىز ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بېرىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بارلىقىنى بېغىشلىغان نامسىز قەھرىمان ــ مۇھەررىرلەر!

ئەسسالام، ئەمگەكچان، ئىجادكار، ئۈمىدلىك، غايىلىك، ئۆم ـ ئىناق قۇمۇل خەلقى!

مۇئەللىپىنىڭ ۋەتەن قوينى باھار گۈللىرىگە پۈركەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئون ياشقا كىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن يوللىغان گۈل بەرگىسىدىكى شەبنەم سۈيىدەك ساپ تەبرىكنامىسىنى قوبۇل قىلغايسىزلەر.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نادانلىقنىڭ دەشتى ــ باياۋانلىرىدا تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن مۇئەللىپنى يات كۆرمىدى، ئۇنى نۇرانە مەنزىلگە باشلاپ كىرىپ، ناتۋان يۈرىكىگە ئىلھام بېغىشلاپ، پىشمىغان، خام ئەسەرلىرىگە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، جان كىرگۈزۈپ، ئەتىۋارلاپ ئۆز سەھىپىسىدىن ئورۇن بەردى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئېسىمدە بولسا كېرەك، مەن سەن بىلەن ھايات مۇساپەڭنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان ۋاقتىڭدىن ــ تۇنجى سانىڭدىن تارتىپلا تونۇش ۋە ھەمراھ. مانا قولۇمدا بىرىنچى بېتىگە داڭلىق خەتتات ھاپىز نىيازنىڭ ھۆسنخېتى بىلەن يېزىلغان بېغىشلىما بېسىلغان ژۇرنال تۇرۇپتۇ. ئۇ سانىڭغا تېخى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىسى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپىنىڭمۇ قەدىمى يەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن سېنى ئۇستاز تۇتۇپ، سەندىن ئايرىلماي كېلىۋاتىمەن. ئون يىلدىن بۇيان سەن خەلقىمگە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ھەدىيە قىلىپ كەلدىڭ. بۇ بىباھا دۇردانىلىرىڭ قەلب خەزىنەمنىڭ تۆرىدە ساقى

لانغىنى ئۈچۈن مېنى تېخىمۇ پارلاق، گۈزەل ھاياتقا ئۈندىدى.

توغرا، سەن مېنىڭ ئۇستازىم، باغۋەنىم. مەن سېنىڭ دىلنى يورۇتقۇچى شام بولۇپ، ۋەتەن قوينىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل - غۇنچىلارنىڭ، خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تۈگىمەس شادلىق ۋە ئىپتىخارلىق بەخش ئەتكەنلىكىڭنى ئويلىغىنىمدا ئا-جايىپ ھاياجانغا چۆمىمەن.

دۇنيادىكى ھەرقانداق چوڭ ئىش، ھەرقانداق مۆجىزات، ھەرقانداق ھاياتلىق دەسلەپىدە تۆرەلمە ھالىتىدە كۆز ئېچىپ، ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆسىدۇ. ئاندىن كىشىلەرگە ھوزۇر بەخش ئېتىدىغان شېرىن مېۋىلەرنى بېرەلەيدۇ. سەنمۇ مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردۈڭ. سېنىڭ ئۇن يىللىق ھاياتىڭ باشقىلارغا يول باشلاش، ئۇلارنى يېتەكلەش بىلەن ئۆتتى. راست شۇنداق، ماڭا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلار ئىقتىدارسىزلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قانداق يېزىش-نى بىلەلمەي تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرگىنىدە، ھەممىسىنى ئۆز بىلىپ زېرىكمەستىن يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنى نۇرانە مەنزىلگە باشلاپ كىردىڭ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىل-لىرىنى يورۇتتۇڭ. پىشمىغان ئەسەرلەرگە قېتىقىنىپ ئىشلەپ، ئەتراپىڭغا ئۇيۇشقان ئاپتورلارنى باشقىلارنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئۈندىدىڭ. گەرچە بىز ئۈمىدىڭنى تولۇق ئاقلىيالمىغان بولساقمۇ ئىزدىنىپ، ئىنسانلارنىڭ مە-نىۋى ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان دۇرى - گۆھەرلەرنى قازدۇق ھەم قازماق-تىمىز... مانا، قوينۇڭ ھۇپپىدە ئېچىلغان رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەككە تولدى. خەلقىمنىڭ «گۈلدەككىنە» * ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردۇڭ. ئون يې-شىڭنى ئۆزدىتىپ، ئون بىرىنچى يېشىڭغا قەدەم قويغىنىڭدا بىز سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن باغرىڭنى تېخىمۇ رەڭدار بېزەپ مەڭگۈ خۇشپۇراق چېچىشىڭغا تىلەكداشمىز.

* سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ 1986 - يىل 3 - ساندىكى شېئىرى.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

# ئۈچ غەزەل

**ماخمۇت مۇھەممەت**

1

« قۇمۇلدىن دىلرابا كەلدى » ئېسىڭدە بارمۇ شۇ ناخشام؟
كۆچۈرگەن خاتىرەڭگە شاد، قېشىڭدا بارمۇ شۇ ناخشام؟

تۇغۇلۇپ تۇنجى ئىڭەلەپ، ھاياتلىق شامى يانغاندا،
ۋىيۇنچە يوللىغان دوستۇڭ، دىلىڭدا بارمۇ شۇ ناخشام؟

ئۆمۈر چاقچاقا مايىلكەن، ئۆتۈپتۇ غۇيىمدە ئون يىل،
ئۆكەندىڭ كۆپ غەزەل، ئەمدى دىلىڭدا بارمۇ شۇ ناخشام؟

يىراقتىن ئاڭلىنار ياڭراق، شېرىن ئۆسمۈر ئۈنى ھەردەم،
تىلەيمەن كاتتىبانلىقنى يۈلۈڭدا بارمۇ شۇ ناخشام.

زامان چىلاپتۇ بىزلەرنى بىپايان سەھنىگە ــ خورغا،
ئېيتايلى مەڭگۇ تەڭ ـ تەڭكەش، قولۇڭدا بارمۇ شۇ ناخشام؟

2

قۇمۇلنى كۆرمىدىم ئەمما قۇمۇل يادىمدا ھەر دائىم،
خوجايۇپ مىسالى سەرۋەك تېغىدەك ئالدىمدا ھەردائىم.

چىقىپ شارلار تېغىغا مەن چۈشۈمدە، باقتىم ئەتراپقا،
يېقىملىق يۇرت ئوتى ئەمدى يانار باغرىمدا ھەردائىم.

بوۋامنىڭ ئۈنىگە خاس گويا شاد ياڭرار قۇمۇل كۈيى،
تەرەننۇمى ئۈزۈلمەي يادلىنار ئاغزىمدا ھەردائىم.

باھارنىڭ ھۆسنىگە قانماي كۆلەر نەغمىدە « چىن مودەن »،
بەلكى « باغداش چېچىكى » تەۋرىنەر ئايدىڭدا ھەر دائىم.

سالام يوللايدۇ بۇ ماخمۇت قەدىم ئاستانىگە دىلدىن،
نۇرانە « ئىز » ئۆزۈلمەستىن كېلەر ئارتىمدا ھەردائىم.

3

« تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى،
ئۆستىگە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۆل باغلىرى.»

تۇتىدەك دوراپ ئېيتاتتىم ئاڭلىغان ناخشامنى مەن،
باللىقنىڭ ئاشۇ قايغۇسىز، ھەۋەسكار چاغلىرى.

ئاستا ـ ئاستا بوي سوزۇپ، باغداش تېغىدەك ئۆرلىدىم،
مېنى مەست قىلدى گۈزەل يۇرتۇم دالا ھەم سايلىرى.

شۇ گۈزەللىكلەر قاتارى چاقىندى باغداشمۇ ھەم،
ئالدى مەيلىمنى نىيتەي زۆركىنىڭ يۇلتۇز، ئايلىرى.

كېچىلەپ تۇندىن يىراق، تاڭغا بېقىپ كۆي كۆيلىسەم،
ئۆرتىلەر باغرىمدا قۇمۇللۇق رەنانىڭ داغلىرى.

~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

# ئون يىل شادلىقى

ئىسرائىل كېرەم

تەم ـ تە قەدەم ئىندى ئىجادىم،
شېئىر دۇنياسى تۇمانلىق ئاسمان.
يىراق ئىرادەم قالمايتتى چارچاپ،
ئۈمىدتىن شەپە كەلگەچكە ھامان.

ئۈمىدتىن چاقماق چېقىلغان شۇ كۈن،
تېخى يادىمدا ـ يادىمدا مېنىڭ.

ئېچىرقاپ سۆيسەم ئاپئاق يۈزۈڭنى،
يىراقلار غايىپ ئالدىمدا مېنىڭ.
باغلىۋالغانتىڭ ئېتىقاتىمنى،
ئېتىقات ـــ شېئىر، ئېتىقات ـــ قەلەم.
مىشىلداپ يىغلار نائۈمىد ـ شەيتان،
مەنىۋى نۇرغا تويۇنسا ئالەم.
~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

مۇكەددەس باغلار، مۇكەددەس تۇيغۇ،
ئۆلمەس ئاھ ئۇرماس ئايمۇ بىمەھەل.
سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنىڭ ۋىجدانىم،
ئۆمرۈم مۇشتىرى ساڭا، ئەي گۈزەل.

ئون يىل مۇقەددەم غەمزە - جىلۋەڭدىن،
ھارارەتلەنگەن ئەۋرىغۇل قويىنى.

ئون يىلىڭغا ئون تۈمەن گۈل تىزىپ،
باشلىۋەتتۇق كۆر يېڭى بىر تويىنى!

ياشلىق غۇرۇرۇم قاۋناق قەلەمدىن،
تامچىلار شادلىق — ئون يىل شادلىقى.
چاپچىپ تىنجىماس قاناتلىق ئارمان،
ئىجاد — ھەقىقەت سۆيگەن تاتلىقى.

# دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان

ئەخمەت ناسىر

ئون يېشىڭغا بولسۇن مۇبارەك،
دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان.
نەزمە ئېيتىپ بەس - بەستە بىردەك،
ھەر كۆڭۈلدىن ئېتىلدى فونتان.

ئىلمىم بىلەن ئۆلمەيدۇ ئىنسان،
جۇت - شىۋىرغان سوقسىمۇ بوران.
نۇرۇڭ بىلەن يورىغاچ قەلبىم،
سەن سىردىشىم، ۋاپادار جانان.

بەتلىرىڭگە قونغان مىسرالار،
مىڭ ھېكمەتتىن بېرىدۇ دېرەك.
جارالغان ياڭراق سادالار،
يۈرەكلەرنى ياشناتار ئەجەب.

شۇڭا ساڭا باغلاندى رىشتىم،
بۇلبۇل بولۇپ قىلىمەن ناۋا.
قۇياش بىلەن نۇرلىنىپ دائىم،
تا ئەبەدكە يۈكسىلىپ چاقنا!

# گۈلگە تولسۇن قۇچىقىڭ

پاتىگۈل سەمەت

چولپان كەبى پارلاپ چىقتىڭ ئون يىل مۇقەددەم،
ساڭا كۆپتىن تەشنا دىلغا ياغدۇرۇپ شەپقەت.
ھەممىتىڭدىن زوق - شوق ئېلىپ سايرىدى تىنماي،
بوستاندىكى بۇلبۇللىرىڭ ئەجەب كارامەت.

سەبى ئىدى ئەشۇ چاغلار شۇنچە زوقلىنىپ،
ئوقۇغانتىم بەتلىرىڭنى نەچچە ـ نەچچە رەت.

كەلدىنىڭ يىللار سەپىرىدە ئۇتۇقلار بىلەن،
ئىجاد ـ مېھنەت بەردى ساڭا گۈلگۈن لاتاپەت.
يايرىدى دىل لېرىك كۈي ھەم داستانلىرىڭدىن،
ئەجدادىمنىڭ ئارمانلىرى تاپتى كارامەت.
مەنمۇ ئاددى كىتابخانىڭ ئوقۇيمەن سېنى،
ئېلىپ ھوزۇر، قايناق ئىلھام، ئالەمچە لەززەت.

سەنئەت سۆيەر خەلقىم يۈتمەس ئىلھام بۇلىقىڭ،
كۆيلىرىدە تۈگىمەيدۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
قۇچاقلىرىڭ تولسۇن ئەبەد خوشبۇي گۈل بىلەن،
مەنسۇپ ساڭا كەڭرى ئىمكان، نۇرلۇق سائادەت.
قوبۇل قىلغىن ئىجادىمدىن تىزسام گۈلدەستە،
تۇتقۇم كېلۇر «يۈرىكىم» دەپ ساڭىلا پەقەت.

---

### تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1991 ـ يىل ـ لىق 2 ـ سان 13 ـ بەت ـ تىكى (داۋامى 45 ـ بەتتە) دېگەن ـ نى (داۋامى 15 ـ بەتتە) دەپ، 15 ـ بەت ـ تىكى (بېشى 43 ـ بەتتە) دېگەننى (بېشى 13 ـ بەت ـ تە) دەپ، 33 ـ بەت ـ تىكى (داۋامى 38 ـ بەت ـ تە) دېگەننى (داۋامى 8 ـ بەت ـ تە) دەپ، 8 ـ بەت ـ تىكى (بېشى 63 ـ بەتتە) دېگەن ـ نى (بېشى 33 ـ بەتتە) دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

# بىزنىڭ رەسساملىرىمىز

ئەبەيدۇللا مۇھەممەت

## ئەسلىمەم ئىچىدىكى ئەسلەش

1959 - يىلى كۈز. ئازادە قىلىپ سېلىنغان سەنئەت مەكتىپىگە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن بولۇپ نۇرغۇن يېڭى ئوقۇغۇچىلار رەسىم، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل كەسپلىرىدە مەخسۇس تەربىيىلىنىشكە كەلدۇق. ئارىمىزدا قۇمۇلدىن كەلگەن ساۋاقدىشىمىز ئابدۇللا ئابلىمىت ئۆسكىلەڭ ۋە بەستلىك بوي - تۇرقى، قاپقارا قويۇق قاشلىرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەممىي، ئاقكۆڭۈل، كەمتەرلىكى ۋە ھارماي ئۆگىنىدىغان تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانىدى.

ئابدۇللا ئابلىمىت 1940 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ھاللىق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بارىكۆل ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن. ۋە قايتىدىن خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن. كېيىن قازاقچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1959 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. شۇڭا ئۇ دەرس باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئۈچ خىل تىل - يېزىق جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

ئەينى چاغدا سەنئەت مەكتىپى يېڭىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ يېتىشمەيتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئابدۇللانى رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ كەسپىي تەرجىمانلىق خىزمىتىگە تەيىنلىدى. ئابدۇللا شۇ چاغلاردا 20 ياشقا توشمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياش قەلبىدىمۇ كەلگۈسىدە تالانتلىق رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئىستىكى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىنىڭ خەنزۇچە تىل - يېزىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە يېڭى خىزمەت ۋەزىپىسىنى داددىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئۇستازلاردىن تىرىشىپ ئۆگەندى، ئەتراپلىق ئىزدەندى. ئاخىرى شۇ يىلىلا بىزگە پېرسپېكتىۋا ۋە ئاناتومىيە دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ سىنىپقا كىردى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز ۋە ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىمىز بولۇپ قالدى...

ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ 87 - يىلىدىن كېيىن سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە بارغىنىمدا ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەۋاتقانىكەن:

« — گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، - دەيتتى ئۇ، — رەسسامنىڭ بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى جاپالىق زېھنى ئەمگىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ...» ئۇ بېرىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ تونۇش ۋە يېقىملىق ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى كەلدى، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم...

ۋىژدانلىق كىشىلەر ھەمىشە راستچىل ۋە سەمىمىي كېلىدۇ. ئۇلارمۇ شۇنداق پاك قەلبى ئۈچۈنلا ھاياتىدا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرايدۇ... 1969 - يىلى يولداش ئابدۇللامۇ ئەشۇ تەتۈر شامالدا «ئەكسىل ئىنقىلابچى»، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» بولۇپ قالغان. ھەتتا باشقىلار تەرىپىدىن ئېگىز تاملارغا يېزىلغان ئەكسىيەتچىل شوئارلار ئۇنىڭغا چاپلانغان، ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ بويى گۇناھكار بولغان، ئۇ قارىلىنىپ بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلانغان... ئابدۇللا 1970 - يىلى 11 - ئايدا ئاقلىنىپ ئۆز مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ سىياسىي ھوقۇقىغا قايتا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە توغرا قارىدى. ھەتتا ئۆزىگە تۆھمەت چاپلىغان شەخسلەر كېسەل بولۇپ ياتقاندا، بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناپ ئىنسانىي پەزىلىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىگەنىدى...

شۇنداق، ئۇ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان سەنئەت ئىلمىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىمىزنىڭ ۋارىسلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇ لېكسىيىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىز پاراڭلاشتۇق. ئۇقۇشۇمچە 1984 - يىلى ئابدۇللا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەدەنىيەت كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ بىر يىلدىن كۆپرەك بىلىم ئاشۇرغان. ھەمدە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، مەكتەپنىڭ سەنئەت نەزىرىيە ئوقۇتقۇچىسى يېتىشمەسلىكتەك بوشلۇقىنى تولدۇرغان. ئۇ 85 - 86 - يىللىرى ئۈدا ئىككى قېتىم مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە ئىلغار مائارىپ خادىمى بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئابدۇللا يەنە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ رەسساملىق كەسپىدە ئالدىن تەربىيىلىنىشىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان. شۇڭلاشقا 1990 - يىلى ياپونىيە فۇكۇئاڭ شەھىرىدىن كەلگەن مېھمانلار بۇ مەكتەپتىكى ئۆسمۈرلەر سىزغان ئون نەچچە پارچە رەسىمنى ئالاھىدە ماختىغان ھەمدە بۇ رەسىملەر ياپونىيىلىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان.

يولداش ئابدۇللا ئىز باسار تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار مۇساپىدە سىڭدۈرگەن ئەجرى بىلەن 1987 - يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ دائىم ئوقۇغۇچىلارغا: «سىلەر ئۆز ئارزۇيۇڭلار بويىچە رەسساملىق كەسپىدە

سىستېمىلىق تەربىيىلىنىپ ئۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ مۇرات - مەقسىتىڭلارغا يەتتىڭلار. مەن سىلەردەك ئىختىساسلىق رەسساملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. سىلەر قازانغان شان-شەرەپ بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن، شۇڭا كەسپىمنى سۆيىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە تەرجىمە خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، سىلەرگە ئوخشاش ئىقتىدارلىق رەسساملارنى تەربىيىلەشتە يەنىلا تېگىشلىك ھەسسە قوشىدىغان ئارزۇيۇم بار» دەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ گۈزەل سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە گۈزەل سەنئەت دەرس پروگراممىسى، گۈزەل سەنئەت ئوبزورلىرىنى يېزىپ ۋە تەرجىمە قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سىفەن مەكتەپلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى، باشلانغۇچ مەكتەپ رەسىم دەرسلىكىنى تەرجىمە قىلىپ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئاقسۇدا ئاچقان تۇنجى قېتىملىق گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى. ھەمدە ئۆزى تەييارلىغان« رەسساملىق پىرسپېكتىۋى » ناملىق 500 مىڭ خەتلىك چوڭ كىتابىنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە 1988 - يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى ۋە ئىزاھلىق چۈشەنچە »، « رەسسام غېنى غوپۇر » (« شىنجاڭ رەسساملىق ژۇرنىلى » 88 - يىلى 1 -سان»)، « رەسسام تۇردى ئىمىننىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرى » («شىنجاڭ رەسساملىق ژۇرنىلى» 90 - يىلى 1 - سان ) ناملىق ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە، تەرجىمە، ئاخبارات خىزمەتلىرىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

## ئۇنىڭ ئىقتىدارى توغرا بايقالغان

يولداش ئابدۇشۈكۈر كېرىم مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنىۋاتقان رەڭلىرى ئاددىي ئەمما مول، سىزىقلىرى ئىخچام ۋە جانلىق، ئۆزگىچە بەدىئىي خاسلىققا ئىگە بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا خېلىلا تونۇشلۇق.

ئابدۇشۈكۈر كېرىم يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان ئاكادېمىيىدىكى پېشقەدەم رەسساملاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىش جەريانىدا ماي بوياق سەنئىتىنىڭ مۇرەككەپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە مۇستەقىل سەنئەت ئېستېتىكىسى جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ كەلمەكتە، شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كىتابخانلارنى ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تونۇشۇشقا قىزىقتۇرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر 1949 - يىلى 10 - ئايدا قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىكى قول هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1958 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ھەمدە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان. 1970 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان.

ئابدۇشۈكۈر بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئاكىسى ئابدۇراخمان كېرىمنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدىكى رەسىم سىزىشىغا ئىنتايىن زوقمەنلىك بىلەن دىققەت قىلاتتى ۋە ئۇنى دوراپ كۆچۈرۈپ سىزىشنى مەشىق قىلاتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا رەسىم دەرسى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكلىشىدە تېخىمۇ ھەۋەس بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندى، ھەمدە ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە رەسساملىق سەنئىتىگە بولغان قىزىقىش تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاخىرى ئۇ شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە كېلىپ مەخسۇس كەسىپتە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

1970 - يىللاردا ئۇ قايتا تەربىيە مەزگىلىدە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندى. بىر نەچچە يىللىق رامكىلاشقان، رېتىملىك تۇرمۇش ياش رەسسامنىڭ ئىچىنى تولىمۇ تىتىلدىداتتى، ئۇنىڭ رەسىم سىزغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا نەدىمۇ قەغەز، قەلەم، بوياقتەك نەرسىلەر بولسۇن؟ ھەتتا رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ قانداق كەسىپنى ئوقۇغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىدى. بىر كۈنى ئۇ زاۋۇت پارتكومىنىڭ دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن زالىغا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن قاتارلىق داھىلارنىڭ ئۆلچەملىك چوڭ رەسىمىنى ئاساقچى بولغانلىقىنى ھەمدە بۇ رەسىملەرنى باشقا بىرسىگە ناھايىتى كۆپ پۇل بېرىپ سىزدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدۇ - دە، دەرھال ساۋاقدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئەتىسى ئۇلار پارتكوم ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ رەسساملىق كەسپىنى پۈتتۈرگەنلىكىنى، بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلارغا ئۆز كەسپىگە ئائىت ھېچقانداق ۋەزىپە بېرىلمىگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ قېتىمقى رەسىم سىزىشنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرسا، ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايلا ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پارتكوم سېكرېتارى بۇ ياشلارنىڭ ئىرادىسىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولىدۇ ھەمدە بۇ ۋەزىپىنى ئابدۇشۈكۈرگە تاپشۇرىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان كەسپىدىن ئايرىلىپ قالغان ياش رەسساملار خۇشاللىقىدىن ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە رەسىملەرنى سىزىپ بولىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىنلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە چېلىقمىغان كىچىك رەسساملارنىڭ نامى چىقىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە كەسپىي پائالىيەتلىرىدىكى شارائىتلار ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. رەسسام ئابدۇشۈكۈرنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭغا رەسساملىق كەسپىنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى تونۇتتى ھەم كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. شۇڭا ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدەندى، جاپالىق مەشىق قىلدى.

1975 - يىلى ئابدۇشۈكۈر قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ بارىدۇ. ئۇ ئۆز ئىدارىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، قارارلىق تەشۋىقات رەسىملىرى سەھنىسىگە ناھايىتى نۇرغۇن رەسىملەرنى سىزىپ، كە-

سىپتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەيدۇ. ۋە شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىدۇ. ئۇ قۇمۇلدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1980 - يىلى ئابدۇشۈكۈر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى ئاچقان تۇنجى قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ياش رەسساملارنىڭ ماي بوياق ئۆگىنىش كۇرسىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. كۇرسنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدە تالانتلىق ياش رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىردىن ماي بوياق دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغانىدى. رەسسام ئابدۇكېرىم ئابدۇشۈكۈرنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ئوبيېكتنى توغرا كۆزىتىش بىلەن شەكىلنى مۇۋاپىق ئىخچاملاش، رەڭلەرنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قويۇشتەك قەلەم ماھارىتىگە قايىل بولغاچقا ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئابدۇشۈكۈر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئۈچۈن «ئۇدۇم قالدۇرۇش» ناملىق ماي بوياق رەسىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقىدۇ. بۇ رەسىمنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئاددىي بولسىمۇ ئامما رەڭلىرى مول، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغاچقا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان مەملىكەتلىك كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ھەمدە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. دېمەك، ئابدۇشۈكۈرنىڭ تۇنجى ئىجادىيەت قەدىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلغانىدى.

ئابدۇشۈكۈر شۇ قېتىمقى بىلىم ئاشۇرۇش مەزگىلىدىلا ئۆزىنىڭ كەمتەر، تىرىشچان خاراكتېرى بىلەن ۋە ماي بوياق، رەڭ ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك ھەم تېز تەسىرات قوزغاش ئالاھىدىلىكى بىلەن رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىردىن تەرىپىدىن نۇختىلىق تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، بايقالغان ياش تالانتلاردىن بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ يەنە جېجىياڭ رەسىم ئىنستىتۇتىنىڭ ماي بوياق فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشكەنىدى.

1985 - يىلى ئابدۇشۈكۈرنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئۇنىڭ خىزمىتى ئاكادېمىيىگە يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ماي بوياق ئىجادىيىتىدىكى تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىشلىدى. 1985 - يىلىدىن بۇيان ئۇ ئىشلىگەن «قۇمۇل مەشرىپى»، «بۈركۈت ئۇسسۇلى»، «ئۇستىكار»، «مېنىڭ ئائىلەم» قاتارلىق ئەسەرلەر ئاۋمىندا، «ئۇدۇم قالدۇرۇش»، «ئۇستىكار» قاتارلىق ئەسەرلىرى شىياڭگاڭ قاتارلىق رايونلاردا ئارقا - ئارقىدىن كۆرگەزمە قىلىندى. «ئايال خوجايىن»، «قىزىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن ساقلىنىشقا سېتىۋېلىندى. بۇ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» (1987 - يىلى 5 - سانىنىڭ مەخسۇس بېتىدە) ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇردى.

ئابدۇشۈكۈر كېرىم ھازىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ماي بوياق رەسساملىق ساھەسىدىكى ھارماي ئىزدىنىۋاتقان ياش رەسساملارنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلماقتا.

# يۇرەك يارىسى

(ھېكايە)

يۇسۇپ غازى

ئىنسانلار تۇرمۇش يولىدا نى - نى
قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بەزىلىرى
كۆپرەك يىغلاپ، ئازراق كۈلىدۇ. بەزى-
لىرى كۆپرەك كۈلۈپ، ئازراق يىغلاي-
دۇ ...

قۇربان ئاكا ئىمىننى ئۆز ئوغلىدەكلا
ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئىمىن قايتا تەر-
بىيە ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىن كەلگەن
زىيالىي ياش بولۇپ، بىرنەچچە ياشلار
بىلەن بىللە بۇ ئەترەتكە كېلىپ ئورۇن-
لاشقانىدى. ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقى، زې-
رەكلىكى ھەم ئىشچانلىقى قۇربان ئا-
كىغا خېلىلا ياراپ قالغانىدى. قۇربان
ئاكىنىڭ ئايالى خېلى بۇرۇنلا قازالاپ
كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئېسىدە بولغان
يالغۇز قىزى گۈلسۈم بىلەن تۇر-
مۇش كۆچۈرەتتى. گۈلسۈم قاڭشالىق،
ئاق پىشماق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى تۈكۈ-
لۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى.
قۇربان ئاكا ھە دېسىلا ئىمىننى تاماققا
چاقىراتتى. ئىمىن دەسلەپتە ياتسىراپ
يۈردى، كېيىنچە بۇ ئۆيگە ئۆزلىشىپمۇ
قالدى. گۈلسۈم نېمىشقىدۇ ئىمىننى كۆر-
سە قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئوغرى-
لىقچە قاراشلىرى، تاماقنى ھۆرمەت-ئە-
دەب بىلەن ئالدىغا قويۇشلىرى، ئۇنىڭ
نازاكەتلىك قاملاشقان زىلۋا بويلىرى
ھەمدە ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى شەھلا
كۆزلىرىدىن چىققان ئوچقۇن ئىمىننىڭ
قەلبىدە قانداقتۇ بىرخىل ئىللىق سېزىمنى
ئويغاتتى. گۈلسۈمنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە
قىلىپ تۇرىدىغان ھۆسنى ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭ غۇنچە لەۋلىرى ئارىسىدىن چىق-
قان كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان شېرىن
سۆزلىرى سۇزۇك ئېقىن سۇنىڭ يېنىك
شاۋقۇنىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز-
لىرى ئۇچرىشىپ قالسا قىز ئويۇلۇپ
يەرگە قارىۋالاتتى....

ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ
قالغانىدى. بۇ ئەمدىلا بالاغەتكە يەت-
كەن قىز - يىگىتنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى
ئىدى.

قۇربان ئاكا قىزى بىلەن ئىمىننىڭ
سۆز-ھەرىكەتلىرىدىكى غەلىتە كەيپىيات-
لارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال
بولدى. ئۇنىڭ كۆتكىنىمۇ، تىلىگىنىمۇ
دەل مۇشۇ ئىدى.

مۇھەببەتنىڭ سىرلىق ئىشىكىدىن تۇنجى قەدەمنى باسقان بۇ ناتىۋانلار سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى سۇرۇپ، بەخت ئىلكىدە ئەمدىلا شادلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار يىلتىز تارتىپ ماكانلىشىشتىن يالتىيىپ بىرلەپ - ئىككىلەپ داشۆلەرگە مېڭىش دولقۇنى قوزغالدى. ئىمىننىڭ ئىچىگەمۇ ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئېلىش ئىستىكى كىردۋالدى. ئۇ، بۇ ئويىنى گۈلسۈمگە ئېيتىۋىدى، ئۇمۇ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. ئىمىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇختۇرۇش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ ئۇلار بىلەن خوشلاشقىلى بارغاندا گۈلسۈم ئېسەدەپ يىغلىدى، ئۇنىڭ ئوماق چېھرى مۇگدىنىپ سولغۇن تۇسكە كىرگەنىدى. ئىمىن خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي يەنە كەينىگە ئۆرۈلدى، ئۇنىڭغا گۈلسۈمنىڭ غۇنچە لەۋلىرى ئاق يول، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى ...

ئىمىن ئالىي مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن قۇربان ئاكا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى، ئىمىن بىر نەچچە پارچە تەسەللىي خەتلىرى يېزىپ گۈلسۈمدىن كۆڭۈل سورىغان بولدى. گۆدەكلىكىدە مېھرىبان ئانىسىدىن، چوڭ بولغاندا غەمگۇزار ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، تىكەندەك يالغۇز قالغان گۈلسۈم جۇدالىق دەستىدە قاخشالدەك قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەم، مۇسىبەت قايغۇسى تۈپەيلىدىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك تېگى يوق خىيال دېڭىزىغا چۆمۈپ گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىمىننىڭ سىماسى كەلگەندىلا كۆڭلىدە ئۈمىد شاملىرى يانغاندەك بولاتتى. ئۆز كۆڭلىدە ئىمىن گويا ئۇنىڭ نىجات يۇلتۇزى، ئۆمۈرلۈك يۆلەنچۈكى ئىدى ...

ئىمىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى، چوڭ شەھەردىكى تۇرمۇش شارائىتى گۈلسۈم ياشىغان يېزىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى، كىيىنىشى ئۇنى زوقلاندۇراتتى. يېزىدىكى جاپالىق تۇرمۇش، بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىلا كىرلىشىپ تەر سىڭىپ كېتىدىغان كىيىملەر، مەدەنىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەتسىز پاراڭلىرى، غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ پالاكەتلىكى... ئۇنىڭ خىيالىغا كەلسىلا، ئۇ يېزىدىن رايى ياناتتى. ئۇ گۈلسۈمنى ئويلىدى، ئارانلا تۆتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن قىز، چىرايى بولغىنى بىلەن بىلىمى بولمىسا بىكاردە! ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈلسۈمنىڭ ئوبرازىنى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بىر جانان — چولپان ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئىمىننىڭ سۆيۈق كۆڭۈللۈك تارازىسىدا تارتىلغان ئىككى قىزدىن چولپان ئېغىرراق كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى خېلىلا چوڭ ئەمەلدار. دېمەك چولپان ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئاچقۇچى. ئىمىن ئاخىرى چىرايلىق گەپلەر بىلەن تولغان بىر پارچە خەت يېزىۋېتىپ جىمىلدۋالدى. ئىمىن بىچارە گۈلسۈمنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى بىرلا پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ، قىز قەلبىدىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شوخ ۋە ئويناق ئېقىمىغا قارا يۈزلۈك بىلەن توغان تۇتتى. خەتنىڭ

ھەربىر قۇرى بىر تال چىشۇدق بولۇپ،
كۆلسۇمنىڭ مىسكىن قەلبىگە ئۇرۇلدى،
يۈرىكىنى زەخىملەندۈردى ...
قىز چوڭ بولسا ھامىنى ياتلىق بو-
لىدۇ. كۆلسۇمنىڭ بېشى باغلاقسىز ئې-
كەنلىكىنى بىلگەن يىگىتلەر ئۇنىڭغا تە-
لەپ قويۇشتى، ئەلچىلەرمۇ ئايىغى ئۈ-
زۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. تەرەپ - تۆش-
تىن بولغۇاتقان سۆيلى - سالالار ئاخى-
رى ئۇنى يېزىلىق تەمىنات - سودا كو-
پىراتىپىدا ئىشلەيدىغان زاكىر دېگەن
يىگىت بىلەن پۈتۈشۈشكە مەجبۇرلىدى.
ئۇ بارلىق مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ،
ئىمىسىدىن ئېرىشەلمىگەن بەختكە ئېرىش-
مەكچى، بەختلىك ئائىلە قۇرماقچى بول-
دى. ئەپسۇس، توي كۈنى بىكىتىلىپ
ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇنىڭ شېرىن خىيال-
لىرىنىڭ ھەممىسى بەربات بولدى. زا-
كىر كۆلسۇمگە قىلىنغان بەدنام، تۆھ-
مەتكە ئىشەنگەنىدى ...
شۇنداق قىلىپ توي بۇزۇلدى. بى-
چارە كۆلسۇم تۆھمەتكە چىدىماي خۇدا-
غا نالە قىلاتتى: « ئاھ، پەرۋەز دىگاھ!
مېنى ئاتا - ئانامدىن ئايرىدىڭ، تۇر-
مۇش يولۇمغا قېلىچتىن ئۆتكۈر تۆھ-
مەت قويدۇڭ! مەندەك بىر ئاجىزەگە
نېمىشقا بۇنداق ئۇۋالچىلىقلارنى سال-
دىغانسەن؟ قايسى زىيدى پەس، مۇناپىق
بۇ تۆھمەت خەنجىرىنى ماڭا ئۇرغاندۇ...»
ئۇ قىزلىق غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىن-
غانلىقى ئۈچۈن يىغلىدى، قاخشىدى.
رەھىمسىز، تاش يۈرەك كىشىلەر ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قارا
بوراندا قالغان يوپۇرماقتەك تىترەيتتى...
كۆلسۇم مۇشۇ تۆھمەتكە قالغاندىن
كېيىن ئۇنى كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ
تۇرىدىغان بىر كىشى پەيدا بولۇپ قال-
دى. ئۇ كۆلسۇم بىلەن بىر مەھەللىدە
چوڭ بولغان سەمەت دېگەن يىگىت ئىدى.
سەمەت ئۆزخۇمىدىن تۆك ئۇندۇرەلەيدىغان
تۆھمەتخور، قىزىلكۆز بىر ئېمە بولۇپ، ئۇ
كۆلسۇمنىڭ شەھەرلىك ياش ئەمەس بىلەن
ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى
بىلگەندىن تارتىپ ھەسەت ئوتىدا تول-
غانغان، ھەمدە قانداقلا قىلىپ بولمى-
سۇن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش-
نى نىيەت قىلغان. بەختكە يارىشا ئى-
مىن ئوقۇشقا كەتكەن بولسىمۇ، كۆلسۇم
يەنىلا ئۇنىڭغا يۈز بەرمىگەن. لېكىن يەنىلا
ئۇنىڭ تۆھمىتى غالىب كېلىپ كۆلسۇم-
نىڭ كېيىنكى توي ئىشى بەربات بول-
غانىدى.
سەمەتنىڭ كۈندە دېگۈدەك كېلىشىپ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىشلىرى، سالامەتلىكى-
نى ئاسىراشقا ئۈندەشلىرى ئاستا - ئاستا
كۆلسۇمنىڭ نادان قەلبىنى ئېرىتتى.
ئۇنىڭدا « قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەر-
كەكنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ، ئۆزۈمگە ئىگە
تاپمىسام بولمىغىدەك. شۇنىڭ بىلەن
كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالار »دېگەن ئوي
كۆچىيىپ قالغاچقا ئۇ ساددىلىق بىلەن
سەمەتكە نىكاھلىنىشقا رازىلىق بەردى.
بىر يىلدىن كېيىن سەمەتنىڭ كېپى
يوغىناشقا باشلىدى، بارا - بارا يامان
تىللار ئورنىغا تاياق ئالماشتى. ئۈچ
يىل ئۆتتى، كۆلسۇم خوتۇنلۇق بۇرچىنى قول-
لارچە ساددىلىق بىلەن ئادا قىلغان بول-
سىمۇ سەمەتنى رازى قىلالمىدى. كېچە-
كۈندۈز ئاللادىن سەمەتكە رەھىمدىللىق
تىلىگەن بولسىمۇ « سۈت بىلەن كىرگەن
خۇي جان بىلەن چىقىدۇ » غا تدەك قى-
لاتتى. ئۇ كۆلسۇمنىڭ كۆزىچىلا ناشايان

قىلىقلارنى قىلاتتى، ئۇنى ئۇراتتى،
تىللايتتى ... «تۇغماس» دەپ ئۇنىڭغا
دەشنام بېرەتتى. ئاللىقاچان نېمىتىنى
بۇزغان بۇ ئەر بىر كۈنى ئۇنىڭغا كەپ-
نىڭ ئوچىقىنى ئېيتتى:

— ھوي، تۇغماس خېچىر! مەن سېنى كۆڭۈل
ئېچىش ئۈچۈنلا ئالغان. ساڭا ئوخشاش
قورسىقىدىن چاشقانچىلىك بىر نەرسە
چۈشمىگەن خوتۇننى قانداقمۇ ساقلاي-
مەن. سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ باشقا يەردە،
شۇنىڭغا تۇغمىدىڭمۇ تېخى! بۇ كۈنلا
يولۇڭنى كۆر!

بىچارە گۈلسۇم قەلبىدىكى غەزەپ-
نەپرەتنى تىلىدىن چىقىرالمىدى. ئۇ،
بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە، پەرزەنت-
سىز بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇستى -
ئۇستىگە كېلىۋاتقان ئەلەملەر دەستى-
دىن پۇچۇلىناتتى، ئاخىرى ئاتا - ئانى-
سىنىڭ چاتقال باسقان مۆكلۈق قەبرى-
سىنى قۇچاقلاپ دەرد تۆكتى.

ھايات بەزىدە شۇنداق، مەككار-
لار ئاقكۆڭۈللەرنى ئالدايدۇ، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش
ئۈچۈن ھەر قانداق شۇملۇقلارنى قى-
لىشتىن باش تارتمايدۇ...

ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتتى. گۈل-
سۇمنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەختسىز قىس-
مەتلەر خاتىرە بولۇپلا قالدى. ئۇنىڭ
سۆكۈتكە چۆمگەن ھاياتىدا چوڭ ئۆز-
گىرىش بولدى. ھۆددىگە بېرىلگەن
بەش مۇ يەرنىڭ ھوسۇلى ئۇنىڭغا
ئەمگەكنىڭ تەمىنى تېتىتقانىدى، ئۇ
ئەمدى تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلىدى.
گۈلسۇم ئىشنى كىچىكىدىن باشلىدى،
نادان كىشىلەرنىڭ خۇراپىي كۆز قاراش-
لىرى، پىتنە - پاساتلىرى ئەمدى ئۇ-
نىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك كۆڭلىدە
تاۋلانغان ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى.
ئۆز يېزىسىدا ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ
ئاچقان كىچىك يايمىسى ئاستا بوتكىغا
ئايلاندى. ئۇ يۇرت ئاتلىدى، بارا -
بارا بوتكىسى دۇكانغا ئايلاندى...مانا جان-
لىق ھايات ... ئۇ نەچچە يۈز مىڭ
يۈەننىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ «گۈلسۇم-
باي» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئۇ بې-
يىغاندا ئۆزى ئۆزۈندىن ئارزۇ قىلغان
ئەمما ئېرىشەلمىگەن «پەرزەنت»نى زا-
دىلا ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئۆز يېزى-
سىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە 10 مىڭ
يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ جاپالىق
مېھنىتىنىڭ بۇ بەدىلى يۇرتداشلىرىنى
سۆيۈندۈردى. پەرزەنتلەرنىڭ شادلى-
قىنى، ئۆزىگە بىلدۈرگەن ئىززەت -
ئىكرامىنى كۆرگەن گۈلسۇمباي ھايا-
جاندىن ياش تۆكتى، ئۇنىڭ پۈتۈن -
دەرد - ئەلىمى مۇشۇ ياش بىلەن يۇ-
غۇرۇلۇپ زېمىنغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

# ئاھ دادا، ناۋادا ...

(ھېكايە)

يۇنۇس ئىبراھىم

- كۇدۇك چېلىنسىلا ئىشقا مېڭىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىمىز. سىرتقا چىققان ھامان تۆت ئەتراتقا سەپسېلىپ قارايمەن. قېچىشنىڭ خىيالىنىمۇ قىلىپ قويمەن، بىراق ئامال يوق. «ناۋادا كىنولاردىكى نوچىلاردەك ھۈنىرىم بولسىدى، ئاشۇنداق ئېگىز تاملاردىن بىر سەكرەپلا چىقىپ كەتكەن بولاتتىم. قاراۋۇللارنىڭ «توختا، توختىمىساڭ ئاتىمەن!» دېگەن ھەيۋىلىرىگىمۇ پەنت قىلماي قېلىن چاتقاللىققا شۇڭغۇيتتىم...ھەي، ھەممىسى خام خىيال» ئۆزۈمچە مۇشۇنداق ئويلاردا بولاتتىم. ئىش مەيدانىدىكى بىر كۈنلۈك ئىش ھەقىقەتەن ئېغىر. ئىشتىن قايتقاندا ھەممە دەسمايىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ كامىرغا قايتىمىز. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇلۇق باشلىنىدۇ. قاتتىق چارچىغان كامىرداشلىرىم كېلىپلا ئۆز ئورۇنلىرىدا بىردەم ياتىدۇ، ئاندىن بەزىلىرى تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بەزىلىرى پو ئېتىشىدۇ، بىر-بىرىنى تىللىشىدۇ. ھەتتا بەزىدە مۇشتلىشىپمۇ كېتىدۇ. بەزىلىرى پۇشايمان، ھەسرەت، زېرىكىش ئەلەمىدە ھۆكىرەپ يىغلايدۇ... بۇلار ئادەتكە ئايلانغان ئىشلار. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇنداق ئىشلارنى غەلىتىلىك ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن مەن ئۇلاردەك ئۇرۇشۇشنى، تىللىششنى خالىمايتتىم... مانا ھازىر ئۆتكەن ھاياتىمغا ئېچىنىدىغان، مېھرىبان ئانامنى، سىڭىللىرىمنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلەتتى. «ئۇلارمۇ مېنى سېغىنىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ مەندەك بىر جىنايەتچىدىن نەپرەتلىنىۋاتامدىغاندۇ؟» بۇنداق خىياللار كۈنگە مىڭ قېتىم كاللامغا كېلىپ تۇراتتى. تۈرمىداشلىرىم مېنىڭ ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشماي خىيالچان يۈرگىنىمنى كۆرۈپ مەندىن نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى، مەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم. شۇ چاغدا گەپدان بىرەيلەن ماڭا چاقچاق قىلىپ: «ئەسەت باتۇر، تۈرمىدە ياتۇر. تۈرمىدە يېتىپ، كۆڭلى قىز تاتۇر» دەپ قوشاق ئېيتتى. ئەمما مەن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم، ئۇلارمۇ قايتا سۈر-

روشتۇرمىدى. ئىلگىرى مەن دادامنى پەقەتلا خىيال قىلىپ باقمايتتىم. قايسى بىر كېچىسى دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇيقۇم ئارىسىدا جۆيلۈپ دادامنى تىللاپ كېتىپتىمەن. ئويغىنىپ يەنە خىيالغا پاتتىم. «مەن نېمىشقا مۇشۇ كۈنگە قالدىم؟» مەن هاياتلىق بەتلىرىمنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم:

ئۆزۈمنى بىلسەم ئانام دېهقان، دادام كادىر ئىدى. ئانام ناهايىتى خۇشخۇي، چىقىشقاق ئايال ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئانام هەر كۈنى ئېتىزغا ئەمگەككە باراتتى. ئىشقا بېرىش ئالدىدا مېنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى. قوشنىمىزنىڭ ماهىرە ئىسىملىك مەن بىلەن تەڭ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتىم. ئىككىمىز دائىم «ئۆي-ئۆيلەر» قىلىپ ئوينايتتۇق. ماهىرە «ئانىسى»، مەن «دادىسى» بولاتتىم، كىسەك پارچىلىرىدىن، چىنە-قاچا سۇنۇقلىرىدىن ئۆي ياسايتتۇق. ماهىرەنىڭ موممىسى تىكىپ بەرگەن بىر قونچىقى بار ئىدى. ئۇ قونچىقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مەن ياسىغان ئۆيدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ: «يىغلىماڭ قوزام، يىغلىماڭ، هازىر داداش كېلىدۇ» دەپ بوۋاقنى بەزلەيتتى. بىر كۈنى يەنە ئويۇننى باشلىدۇق. «ئانىسى، كەچ بولۇپ كەتتى، ياتايلى» دېدىمەن ماهىرەگە، ئۇ يامانلاپ قالدى. مەن ئۇنىڭ باتىنغىنىغا قارىماي، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مەڭزىنى چىشلىۋالدىم. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن يىغلاپ كەتتى. نەدىن بىلەي، بۇ تازا ئانامنىڭ ئىشتىن قايتقان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ. ئانام مېنىڭ ماهىرەنىڭ مەڭزىنى چىشلىگىنىمنى بىلىپ، مېنى تازا ساۋىدى، ماهىرەنى بەزلىدى. مەن تاياققا چىدىماي يىغلىغىنىچە تۇردۇم. ئانام مېنى دۈشكەللىگىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. مەن شۇ يىغلىغىنىمچە دادام كەلگۈچە يىغلىدىم.

— يىگىت يىغلاپسەنغۇ؟ كىم سېنى بوزەك قىلدى؟ - سورىدى دادام.

مەن دادامغا ماهىرەنىڭ مەڭزىنى چىشلەپ قويغىنىم ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇرغانلىقىنى ئېيتتىم. دادام گېپىمگە قىزىقتى بولغاي يەنە:

— نېمىشقا چىشلەپ قويدۇڭ؟— دەپ سورىدى مۇلايىمغىنا.

— ئۇ دېگەن چىرايلىق قىز. دادام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سەنمۇ ياخشى، سەت بىلەن چىرايلىقنى بىلىدىكەنسەن...

— نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ بالىنى باشلىماقتا يوق... — دېدى تاماق ئېتىۋاتقان ئانام خاپا بولغان هالدا.

— ئەتە يەنە بىر تەرىپىنى چىشلە!

مەن ئەتىسى دادام دېگەندەكلا ماهىرەنىڭ يەنە بىر مەڭزىنى چىشلىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەن بىلەن ئوينىمايدىغان بولدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا دادام ئىككى يىللىق ئوقۇشقا كەتتى. مەن ئانامنىڭ گېپىنى هەرگىز ئاڭلىمايتتىم. چۈنكى كىچىكىمدىن دادام هەر قانداق ئىشتا مېنىڭكىنى راست قىلىپ ئۆگىتىۋەتكەنىدى. شۇڭا بەزىدە ئانام قاتتىق گەپ قىلىپ قويسا بوۋاملارنىڭكىگە بېرىۋېلىپ نەچچە كۈنلەپ ئۆيگە كەلمەيتتىم. مەن تولۇقسىز-

نى تۇگەتكەن يىلى دادامنۇ قايتىپ كەلـ
دى. قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماشىـ
رنىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۇرۇلـ
دى. ئانام ھەدىسىلا دادامغا مېنى ياخشى
باشقۇرۇشنى ئېيتاتتى، مەكتەپتە ياخشى
ئوقۇمىغانلىقىمىدىن زارلىناتتى، دادام
ئەكسىچە ئانامغا كايىپ:

— سەنچە بولغاندا بالىنى ئۇرۇپ-تىللـ
لاپ بەرسەم بولامتى؟ بىر كەپنىڭ ئىكـ
كىسى بولسا ياخشى ئوقۇمىدى دەپقاخـ
شايسەن، خەققە قاخشاپ بەرسەڭ خەقـ
لەر ساڭا ياخشى ئوقۇيدىغان بالىلىرىنى
تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ داشۆلەرگە ئۆتەلـ
مىسە بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويـ
يارمەن شۇ، - دەيتتى.

دادامنىڭ شۇ تەرىقىدىكى گەپلىرى
ماڭا خوپ ياقاتتى. خالىغانچە ئوينات-
تىم. چوڭ بولغانچە ھېچكىمنى كۆزگە
ئىلمايدىغان بولدۇم. دەرس ۋاقتىداقەسـ
تەن ئىنتىزامنى بۇزۇپ ساۋاقداشلىرىمـ
غا چېقىلاتتىم. باشقىلارنى تىللايتتىم، ئۇـ
راتتىم. ئۇنى ئاز دەپ مۇئەللىمنىڭ زىتىغا
تېگىدىغان قىلىقلارنى قىلاتتىم. سىـ
نىپ مەسئۇلىمىز ماڭا ئېغىر- بېسىقلىق
بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە،
بىر قېتىملىق دەرس ۋاقتىدا مەن ئۇـ
نىڭ دەرسنى ئاڭلىماي ئويۇنۇم بىلەن
بولدۇم. نەچچە قېتىملىق ئاگاھلاندۇـ
رۇشقا قۇلاق سالمىغانلىقىمنى كۆرگەن
مۇئەللىم يەنە نەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ
قىلدى. مەن تەڭ دېيىشىپ ئۇنى تىللىـ
دىم. مۇئەللىم ئاچچىقىدا مېنى ئىككى
شاپىلاق ئۇرۇۋالدى. كۆزلىرىمدىن ئوت
چىقىپ كەتتى. مەن مۇشۇ ياشقا كەلگـ
چە باشقىلارنى ئۇرۇشنىلا بىلىپ، تاياقـ

نىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلمىگەچكە بۇئىش
تولىمۇ ھار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئىشنى بىرنى ئىككى قىلىپ دادامغا چاقـ
تىم. دادام ئاچچىقىدا ئۆي ئىچىدە ئۇـ
ياقتىن بۇياققا مېڭىپ:

— ئادەم ئۇرۇش دېگەن قانداق گەپ
بۇ! ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ تەربىيە ئۇسۇلىـ
نىمۇ بىلمىسە! خەپ توختاپ تۇرسۇن!—
دېدى. مەن ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. داـ
دام لەۋزىدە تۇردى. بىر نەچچە ئايدىن
كېيىن سىنىپ مەسئۇلىمىز قاتتىق قىزـ
لايسىز بىر يېزا مەكتىپىگە يۆتكەلدى.
شۇ ئىشتىن كېيىن يۈرىكىم تېخىمۇ يوـ
غانلىدى. خالىسام دەرسكە كىرىدىغان،
كىرگەندىمۇ ھەر سائەتتە دەرس ئىنتىـ
زامنى بۇزىدىغان بولدۇم. ئەسەت دېسە
تەڭتۇش بالىلارنىڭ ھەممىسى شوك بوـ
لۇپ قالاتتى. بۇلا ئەمەس، ئەتىسى - ئاخـ
شىمى كوچىغا چىقسامىمۇ ئۇلار مەندىن
داجىپ ئۆتەتتى. تاماكىنى چېكىشلىكىنىمـ
چە مۇجەزىمگە ياقمىغانغا مورە چېقىپ،
قەستەن باھانە تېپىپ ئۇرۇشاتتىم. بۇ
ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. ئازراق ئىچىـ
ۋالسامىمۇ ماڭا يېتەر ئەر يوق ئىدى،
قايرىلىپ قارىغانغا ھۆرپىيەتتىم ... ھەـ
دېسە ئانام بالاغا قالاتتى. مەندىن «ئەدە-
بى» نى يىگەنلەر ئۆيگە كېلىپ ئانامـ
غا داتلايتتى، تاپا - تەنە قىلاتتى. ئانام
ماڭا ئىككى ئېغىز گەپ قىلسا بالاداقالـ
غىنى قالغانىدى. شۇڭا ئانامنىڭ ئۇنداق
چاغلاردا كىچىك سىڭلىمنى بەزلەپ، خۇـ
دادىن مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئىنساب تىلـ
لەپ ئولتۇرمىقىدىن باشقا ئامالى يوق
ئىدى...

ھەر يىلدىكىدەك ئوقۇتقۇچىلار بايرىـ

مى بولدى. دادام بىزنىڭ مەكتەپتە
ئوْيوْشتوْروْلغان كوْڭوْل ئېچىش كېچىلى-
كىگە چاقىرىلدى. دادامنىڭ كەينىدىنلا
مەنمۇ كوچىغا چىقتىم. بىر ئاغىنە بىلەن
ھاراق ساتىدىغان دۇكانغا كىرىپ پىۋ-
كەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىچىشتۇق. تەڭ-
شىلىپ بىر يەرگە بارغاندا ئېلېكترون-
لۇق رويال بىلەن ئورۇنلانغان يېقىملىق
تانسا مۇزىكىسى قۇلىقىمغا كىردى. دەل-
دەڭشىگىنىمچە مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلانغان
تەرەپكە — مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم.
مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگە زالدىكى قى-
زىل-يېشىل چىراقلار ۋالىلداپ كۆزۈ-
مۈشكە باشلىدى. ئەمدىلا تۆت-بەش قە-
دەم مېڭىشىمغا دەرۋازا يېنىدىكى دەرەخ-
لىقتە ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
مەن سەگەكلىشىپ گەپكە قۇلاق
سالدىم:
— ئۇنداق قىلمىسىلا...
— جىم تۇرۇڭ ... خەق ئاڭلاپ قالسا...
— نېمە دېگەن سەت قىلىق بۇ...
جۇيجاڭ...
شۇ ھامان مەستلىكىم يېشىلگەندەك بول-
دى، ئاستا كەينىمگە ياندىم، مەن دا-
دامنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالغانىدىم.
شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئاستا-ئاستا دا-
دامغا ئوخشاش قىزلارنى بۇلۇڭ-پۇش-
قاقلاردا نولاپ ئويناپ كۆڭلۈمنى خۇش
قىلىدىغان بولۇپ قالدىم...
بىر كۈنى كەچقۇرۇن دەرستىن كېيىن
سىنىپتا كەينىدە قالغان بىر قىز ساۋاق-
دىشىمنى زورلۇقچە قۇچاقلاپ سۆيدۈم.
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، بىر كەچ-
قۇرۇنلۇقى ئەمدىلا ئىشىك تۈۋىگە كېلى-
شىمگە دادام بىلەن ئانامنىڭ مەن تو-
غۇرلۇق دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ
قالدىم.
— بالىغا ئوبدىنراق تەربىيە بېرەي-
لى، شۇنداق كېتىۋەرسە بېشىمىزغا بالا
بولغىدەك.
— بالا؟ ھەممە گەپ شۇ داپشاقلاردا.
ئۆزى سۈركەلگەندۇ، تايىنلىق!
— بۇ دېگەنلىرى بولمىدى.
— ئوغۇل بالا دېگەن...
— ئوغۇل بالا؟ بۇرۇندىن مۇشۇنداق
دەپ بېرىپ باشقا چىقىرىۋەتتىلە...
— نېمە؟ سەن ماڭا ئاتىكارچىلىق
قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىڭما؟ سەن دېگەن
ئۆي خوتۇنى، بالاتەربىيەلەشتە ماڭا ئە-
قىل ئۆگىتىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ!
بىردەمدىلا جەڭگى-جېدەل باشلاندى.
ئاپامغا ھېچلا ئىچ ئاغرىتمايتتىم، ئەك-
سىچە كۆڭلۈمدە ئۇنى گېپى تولا، قى-
تىغۇر دەپ ئەيىبلەيتتىم.
— مەن بۇ ئۆيدىن جاق تويدۇم!
— ئەمىسە يوقال!
مەن ئاستا ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەت-
تىم، ئانام سىڭلىمنى ئېلىپ بوۋاملارنىڭ-
كىگە كەتتى. كەچ بولغاندا بىر ئۇلاپەت-
دىشىمنىڭ ئۆيىدە ئىچ پۇشقى قىلىشتۇق.
قانداق قىلىپ ئۆيگە كەلگىنىمنىمۇ ئوخ-
مايمەن. تاڭغا يېقىن ئويغىنىپ كەتتىم.
بېشىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتات-
تى، گالللىرىم قۇرۇپ كەتكەنىدى. مەن سو-
غۇق سۇ ئىچمەكچى بولۇپ تەستە ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە باردىم. مەن
ئىشىكنى ئېچىپلا دادامنىڭ بىر ياش چو-
كاننى دەرۋازىدىن غىپپىدە چىقىرىۋەت-
كەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇنداق چاغدا
چىقىشنى بىلەلمەي ھىس قىلىپ يەنە يې-
تىپ قالدىم، لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ

ئۇخلىيالمىدىم.

يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. شەنبە كۈنى كەچتە بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە تاماشا قىلدۇق. ئولتۇرۇش تازا قىزىدى، مەن بولسىچە ئىچتىم، تانسا ئوينىدىم...ئولتۇرۇش تارقىغاندىن كېيىن بىر ئاغىنەم بىلەن بىر قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇق. ئۇ قىزنىڭ ئۆيى خېلى يىراقتا ئىدى. بىز مەيىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە كېتىۋاتاتتۇق. سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، تورمۇزلانغان كاللام ئوڭشىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن سەنتۈرۈلۈپ ئېگىز-پەس دەسسەيتتىم. هاراق بارغانچە كۈچىنى كۆرسەتكىلى تۇردى، گېپىممۇ تۇتۇلدى، ئەمما كاللامدا بىرلا خىيال...

— بايا تانسا ئويناۋېتىپ پۇتىڭىزنى دەسسىۋەتتىم، خاپا بولمىغانسىز؟ — قىزنى گەپكە سالماقچى بولدۇم.

— ياقەي.

— كەچ قالسىڭىز ئۆيىڭىزدىكىلەر بىر نېمە دېمەس؟

— كايىيدۇ-دە، ئەلۋەتتە.

ئاغىنەمنى ئاستا نوقۇپ قويدۇم. ئۇ قەستەنگە كەينىمىزدە قالدى. بىز كېتىۋاتقان چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپى كەڭ كەتكەن بوغداي ئېتىزلىقلىرى ئىدى. مەن دەلدەڭشىپ بېرىپ قىزنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويدۇم.

— تۈزۈك مېڭىڭ، بىرى كۆرۈپ قالسا، — دېدى قىز ئەنسىرىگەندەك ئەتراپقا قاراپ.

— بۇ كېچىدە كىم بولاتتى، — دېدىم ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قارىتىپ.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. تۇندىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتلۇق كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆكسىلىرىنى سىلىدىم، ئۇ قولۇمنى سىلكىشلەيتتى. مەن بىردىنلا ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتىم. ئۇ يۇلقۇناتتى، تىللايتتى، يۈزلىرىمنى تاتىلايتتى. مەن تېخىمۇ ئەدەشتىم...

بىچارە قىز بىر هازاغىچە ھۆكرەپ يىغلىدى. بىز ئۆزىمىزچە ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ھەيۋە قىلىۋېتىپ كەينىمىزگە ياندۇق.

— ئەرز قىلسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئاغىنەم ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

— يۈزىگە سەت بولمىسا ئەرز قىلسا قىلمامدۇ، — مەن نېمىشقىدۇ خاتىرجەم ئىدىم.

قىز دېگەندەك ئەرز قىلدى. شۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ساقچىلار ئۆيىگە كېلىپ قولۇمغا كويزا سېلىپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا دادام تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ تەتۈر قارىغىنىچە قالغانىدى.

مەن دادامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوچۇق سوت كۈنى كۆردۈم. مەن كىشلەر توپى ئارىسىدىن ئانامنى ئىزدەيتتىم، لېكىن ئانام كۆرۈنمەيتتى. مەن تۇيۇقسىز دادامنى كۆرۈپ قالدىم. دادام ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابى تارتقان ئادەمدەك چىرايلىرى تاتارغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقىنىڭ ئىزىنى بىچارىلىك ئىگەللىگەنىدى.

# ئەتىگە تەلپۈنۈۋاتقان يۈرەكلەر

(ھېكايە)

ئابدۇللا تۇرسۇن

ساجىدە موتىسىكلىت بىلەن ئالدىراش يېتىپ كەلگەن پوچتالىيوندىن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. كونۋېرتتىن سەل ئېغىرراق بىلىنىدى. كۆزىگە سىڭىش بولۇپ كەتكەن پۇچۇركا، «ئەنۋەر» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىراپ ياتاققا كىردى ۋە كونۋېرتتىن خەتنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ دەرىزە ئالدىغا كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«سالام ساجىدە، ياخشىمۇ سىز؟ ئىككى يىل ئىلگىرىلا ئىككىمىز ئۇستەل ئالدىدا بىر-بىرىمىزگە ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، دەرسخانا مۇنبىرىدە خۇددى باھار چېچەكلىرىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دەرس سۆزلەۋاتقان مېھرىبان ئۇستازلىرىمىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىغا قۇلىقىمىزنى دىڭ تۇتۇپ، نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ تۇرىدىغان ستۇدېنتلار ئىدۇق، كەچقۇرۇنلىرى مەكتەپ سەينالىرىدا، باغچىلاردا، رەستىلەردە قولتۇقلىشىپ يۈرۈپ، كەلگۈسى تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، تەقدىردىن ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن شەپقەت تىلىگەنىدۇق. «ئەگەر تەقدىر كاجلىق قىلىپ ئىككىمىزنى كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتا بىر ئىدارىدا ياكى بىر مەكتەپتە ئىشلەشكە نېسىپ قىلماي نىشانسىز ئېتىلغان بەلگە ئوقىدەك ئالەمنىڭ ئىككى چېتىگە ئېتىۋەتسە قانداق قىلارمىز؟» دېيىشىپ ھەسرەت چېككەتتۇق. ئارقىدىنلا يەنە: «ئۇنداقلا بولۇپ كەتمەس، توغقان ۋە تونۇش بىلىشلەرنى يول ماڭدۇرۇپ بىر يەرگە بۆلۈنۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى. تەشكىلمۇ ئەھۋالنى ئۇقسا ...» دېيىشىپ ئۆز-ئۆزىمىزنى بەزلەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن نېيىسى غەم-ئەندىشىلەرنىڭ ۋەھىمىلىك قارا بۇلۇتلىرى قاپلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىمىز يورۇپ قالاتتى. مەكتەپمۇ پۈتتى، ئاخىرى بەش يىل دىلىمىزغا مەرىپەت چىرىغىنى يېقىپ، ئىلىم كەۋسىرى بىلەن ئىقبال بوستانىمىزنى ياشناتقان ئالىي بىلىم يۇرتىدىن، بىزنى ئاۋايلاپ پەرۋىشلەپ، تەربىيىلەپ بىلىم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن مېھرىبان ئۇستازلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، شەرققە قاراپ يول

ئالغاندا، يەن - مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان مۇقەددەس شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ چاقناپ تۇرغان رەڭگا - رەڭ چىراقلىرى، كىشىلىك ھاياتنىڭ جۇشقۇن قاينىملىرىغا چۆمۈلۈپ، ناخشا - مۇزىكا ياڭراپ تۇرغان باغچا ۋە رېستورانلىرى، كۆكنى تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قىزىل تاغ مۇنارى، خەلقىمىنىڭ سىمۋولى بولغان بۈيۈك خانتەڭرى چوققىسى بىزنى ئۇمىتلىك كۆزلىرى بىلەن چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئۇزىتىپ قويۇشقانىدى. يولىمىزدا گاھى ئەسلەش، ئەسنەش ۋە ناخشا ئېيتىشلار بىلەن بىر كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى دېمىسەممۇ بىلىسىز، ئاخىرى يۇرتىمىزغىمۇ كەلدۇق. ۋۇجۇدىمىز باغداشنىڭ ئۇستىدىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان سەھەر قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلۈپ، شىمالدىن سوققان مەيىن تاڭ شامىلى مامۇقتەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم قوللىرى بىلەن يۈزلىرىمىزنى سىلاپ ئۆتكەندە شادلىقتىن يۈرىكىمىز ئويناپ كەتكەنىدى. ھەش - پەش دېگىچە سىنتەبىر ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى بىزنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىمىز سەبىلەرنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىگە ئايلاندى ... رەگەتكىدە قاڭقىغان تاشتەك بىرىمىز باغقا، بىرىمىز تاغقا چۈشتۇق. مەن شەھەردىن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق ناھىيىگە، بۇنى ئاز دەپ ناھىيىدىنمۇ يەنە 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىش - ياز قۇم - بورانلار ئۇشقىتىپ ئۇچۇپ تۇرىدىغان چەت يېزىدىكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتىم. بۇ يەردىكى مەن ئۇچۇن تېخى تونۇش بولمىغان ھەممىلا نەرسە تولىمۇ كۆرۈمسىز، تۇرمۇش كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. سەككىز سىنىپلىق بۇ مەكتەپتە باللار 1 - سىنىپتىن 8 - سىنىپقىچە ئوقۇيدىكەن. مەن چىقىپ ھەپتە كۈن ئۆتمەيلا دەرسكە كىردىم. ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ئوقۇشنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئوقۇتۇشنىڭ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. خۇددى يېمىگەن تاماقنىڭ تەمىنى بىلگىلى بولمىغاندەك، مەن تاغ ئادەملىرىنى مەدەنىيەتسىز، ياۋايى خەق، ئۇلارنىڭ باللىرى قۇش باللىرىدەك ئۈركۈككەك، ئادەمگە يېقىنلىمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئىش باشقىچە ئىكەن، ئۇلار قويىنىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش، پەزىلەتتە قەلبى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، زېھنى ئۆتكۈر كېلىدىكەن. بىر كۈنى زوئولوگىيە دەرسىدە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. مەن سائەتلىك پىلان بويىچە دەرسنى سۆزلەپ بولۇپ كونسپېك يازدۇرۇۋاتاتتىم. بىر ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپ: «مۇئەللىم، بىزنىڭ مېڭىمىز بىلىم قاچىلايدىغان ئىسكىلات ئەمەس، يا سوئال سورىمايسىز، يا سوئال سوراشقا ۋاقىت بەرمەيسىز» دېدى. بۇ سوئال ماڭا بۆلەكچە تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئاستا - ئاستا ئۆزۈمنىمۇ، باللارنىمۇ چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

ساجىدە، ھازىر مەن بۇ يېزىنىڭ ھاۋاسىغا، تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدىم. ھازىر سىنىپىمدا ئون سەككىز ئوقۇغۇچى بار، ئۇلار مېنىڭ ئەڭ ئامراق كىشىلىرىم، ئەڭ سۆيۈملۈك ئەڭ قەدىرلىك ئوكا - سىڭىللىرىم. ئەمدى ئۇلاردىن بىر

مىنۇت ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ. بۇ
يۇرتنىڭ خەلقى ئۈم، مېھماندوست،
كۆڭلى - كۆكسى كەڭ كىشىلەر ئىكەن.
شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى مېھماندار-
چىلىققا تېگىشەي قالمىز. توي - مەرى-
كىلەردە، ھېيت - بايراملاردا چېلىنىش،
مەشرەپ دېگەندەك خىلمۇ خىل ئويۇن تاما-
شىلار قايناپ كېتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قە-
دىمى ئۆرپ-ئادەتلىرى، مۇقام-نەزمىلىرى، خەلق
ناخشىلىرى، بېيىتلىرى مانا مۇشۇ چەت
يېزىدا ئۆز پېتى ساقلىنىپ، ئەۋلادتىن
ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، تارىخنى
تارىخقا ئۇلاپ كېلىۋېتىپتۇ. داڭلىق
مەركەنلەر، بۇلبۇلنى لال قىلغىدەك ما-
ھىر سازەندىلەر يىغىلسا، يەرنى قۇچاقلاپ
تۇرغىدەك كۆچتۈڭگۈر پالۋانلار، «قوشاق-
چى» دەپ نام ئالغان مەشھۇر ھېپىزلار
مانا مۇشۇ يۇرتتا ئىكەن.

ساجىدە، سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا مېنىڭ تۇرمۇشۇم ھا-
زىر بەكمۇ كۆڭۈللۈك، ئاخشاملىرى دەرس
تەييارلايمەن، كىتاب ئوقۇيمەن. بەزى
ئاخشاملىرى ياشانغانلارنىڭ ئاغزىدىن
مۇشۇ يۇرتتا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي
ۋەقەلەرنى ئاڭلايمەن. بەزى ئاخشاملىرى
مەشرەپلەردە بولىمەن. تېخى ئۆزەم
بىلىدىغان بىر نەچچە بېيىتنى ئەگىشىپ
ئېيتىپمۇ قويىمەن. يەكشەنبە
كۈنلىرى مەرگەنلەرگە ئەگە-
شىپ تاغقا چىقىپ ئوۋ سەيلىسى قىلى-
مەن «خۇدانىڭ نەزىرى تەگكەن تاغ»
دېگەن سۆز بىكار ئەمەسكەن. تاغنىڭ
تەسكەي تەرىپىدە ئارچا، قارىغاي، كۈن-
گەي تەرىپىدە ئىرغاي، شىلۋە دېگەن-
لەر كۆز يەتكۈسىز سوزۇلۇپ كەتكەن
بولۇپ، يەزىدۇ، قار لەيلىسى، گۈلى
رەيھان، داڭسىڭ، بىدديان، دالچىن
قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ياۋا
موگۇ قاتارلىقلار ئىنتايىن مول ئىكەن. بۇغا-
ماراللار، تاغ ئۆچكىلىرى توپ - توپى
بىلەن ئوتلاپ يۈرۈيدۇ.

ساجىدە، سىز مېنى دائىم: «ماختان-
چاق» دەپ چاخچاق قىلاتتىڭىز. مۇشۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدىڭىزدا يە-
نە بىر قېتىم ماختىنىۋالاي. مەن بۇ
يېزىغا كېلىپ يەراسلا خەلق ئۈچۈن
بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرگىنىمدىن
پەخىرلىنىمەن. بۇ يېزىدا ھەممە
نەرسە تەل. پەقەت بىرلا نەرسە كەم،
ئۇ بولسىمۇ يېزا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت
ئۆيى يوق، مەدەنىي پائالىيەتلەر كەم
ئىكەن. بۇ ھەقتە بىر پىكىرگە كېلىپ،
مەكتەپ مۇدىرىغا ئېيتتىم. مەكتەپ مۇ-
دىرىمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن باللارنى نۆۋەت بىلەن
تاغقا ئېلىپ بېرىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرى،
موگو قاتارلىقلارنى يىغىپ، سېتىپ خې-
لى كۆپ پۇل قىلدۇق. كەنت ئاھالىلار
كومىتېتى قاراپ تۇرمىدى. ياشلار ھە-
رىكەتكە كېلىپ ئىككى ئېغىز ئۆي سال-
دى. ھەمدە بىر ۋالىبول مەيدانى تەي-
يارلىدى. مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل كى-
تاب، چالغۇ ئەسۋابلىرى، تەنتەربىيە
ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالدۇق. شۇنداق قى-
لىپ بۇ يېزىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرى
جانلىنىپ كەتتى.

ساجىدە، مەن ئەمدى شەھەرگە يۆت-
كىلىپ ئىشلەيمەن دەپ ئۆزۈمنى ئاۋارە
قىلمايمەن، كەسپ ئالماشتۇرۇشنىمۇ خالى-
مايمەن. مەن ھازىر شەھەردە قالالمىغان-
لىقىمغا خاپىلاپ ئاتا-ئانامنى يول مېڭىشنىمۇ

بىلمەيسىلەر دەپ ئەيىبلىگىنىمنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئەمدى بۇ زېمىننىڭ ھەر بىر تۈپ گۈل - گىياسى، ھەر سىقىم تۇپرىقى، تاغۇ تاشلىرى خۇددى ئاتا - ئانامدىن قالغان تەۋەررۈكتەك ئېزىز، مۇھەببەتتەك ئۇلۇغ، سۆيگۈدەك شېرىن، جەننەتتەك گۈزەل، باھاردەك ئىللىق، خەلقى پەرىشتىدەك ھىممەتلىك ۋە پەزىلەت ئەھلى بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. دىبىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ،غۇ؟ نۆۋىتى كەلسە بىر تال سەرەڭگىمۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتالايدىغۇ؟ مەن ئاددى ئىش ئورنىدىمۇ دۆلەت ۋە خەلقنى رازى قىلالىغۇدەك ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

ساجىدە، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز ھەمىشە مېنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىمدا جۇلالىنىدۇ. دولقۇنلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىڭىز، تال چىۋىقتەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئىنچىكە بەللىرىڭىز، ئەۋرىشىمدەك نازۇك قوللىرىڭىز، بۇلاقتەك يالتىراپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىڭىز، سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغان ئاتەشلىك تىنىقلىرىڭىز مېنىڭ بۇ تەشنا يۈرىكىمنى چوڭقۇر ئايلاندۇرغاندا ۋۇجۇدۇم ئېرىپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىمەن. تالاي تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىمەن. ناۋادا بۇ يىل يازلىق تەتىلدە توي قىلساق، تويدىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ خىزمىتىڭىزنى مۇشۇ مەكتەپكە يۆتكەپ، ئىككىمىز بىر مەكتەپتە ئىشلىسەك دېگەن ئۈمىدتىمەن. سىزنىڭ مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنى رەت قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. بە-

خىتلىك ئائىلە قۇرۇپ، مۇشۇ ئەلڭ يىراق چەت ياقا يېزىدا ئۆمۈرۋايەت يىلتىز تارتىپ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش ئورتاق غايىمىز بولۇپ قالسۇن!

مانا قولۇمدا ئالبوم. ئالبومنىڭ تۇنجى ۋارىقىدىكى سېھرى كۈچكە تولغان تولۇن ئايدەك ئوبرازىڭىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

خەير، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ: ئەنۋەر »

ساجىدە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بوغمىزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك نەپەسى قىلدى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلگەن ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ خەتنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، كىتاب جازىسىدىن ئالبومنى ئالدى. قويۇق قوشما قاش، بۇررۇت - ساقاللىرى پاكىز قىرقىلغان، بۇدۇر چاچ، كاستۇم كىيىمپ كالاستۇك تاقىغان بۇ يىگىتنى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۆكرىكىگە باستى. ئاندىن كەچلىك غىزاسىنى چالا-بۇلا يەپلا ياتاقنى ئىچىدىن تاقاپ چىراغ يورۇقىدا ئەنۋەرگە جاۋاب خەت يېزىشقا باشلىدى:

«سالام ئەنۋەر، خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم. دەسلەپتە تەقدىرىمىز ئۈستىدە شۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلىشقانىدۇق. ئەمما تەقدىر ئىرادىمىزگە باقمىدى.

ئەنۋەر، مەن شەھەر قىزى. شەھەردە تۇغۇلۇپ، شەھەردە چوڭ بولغان. مەن ئىلگىرى ئۈستى - بېشىنى چاڭ - توزان باسقان ھالدا لىق ئوغۇت ياكى توپا قاچىلانغان ئات - ئېشەك ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە تاسما قامچىسىنى ئوينىتىپ، ھوزۇرلىنىپ كېتىپ بارغان كىشىلەرنى

كۆرگىنىمدە، تۇمشۇقۇمنى قول ياغلىقىم
بىلەن توسۇۋالاتتىم. ئۇلار يېنىمدىن
ئۆتۈپ كەتسە ئۈستى ـ بېشىمنى قېقىش-
تۇراتتىم. شەھەر مەركىزىدىن 90 كىلو-
مېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، جەنۇب تە-
رىپى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىـ
شىپ كېتىدىغان كىچىككىنە كەنتكە
تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقىنىمدا ئىچى ـ
ئىچىمدىن يىغا تۇتۇپ، ئۆپكەمنى بېسـ
ۋالالمىغانىدىم. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۇ-
تۇنلەي خىش، سېمۇنت بىلەن يېڭىدىن
سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا سىنىپ ـ
ئىشخانىلار غېرىبانە كۆلبىدەك كۆرۈنـ
سىز ھەم يېقىمسىز، كىشىلىرى نادان،
بالىلىرى شوخ ۋە كەپسىز تۇيۇلغانىدى.
تەقدىرىمنىڭ كاجلىقىدىن ئۆكۈنۈپ،
تالاي كېچىلەرنى يىغا بىلەن ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزدۈم. دادامنىڭ بىچارە قىزى
ئۈچۈن ئازراقمۇ يول مېڭىپ قويمىغانـ
لىقىدىن ئاغرىندىم،... مەن ھازىر ھېچـ
كىمدىن ئاغرىنمايمەن. دەسلەپتە ماڭا
يېقىمسىز، غېرىبانە كۆلبىدەك تۇيۇلغان
سىنىپلار ھازىر ئازادە، يورۇق بىلىنىدۇ.
مەن ھازىر ئەڭ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك
كىشىلەردىن بولۇپ، قەلبىم تۆرىدىن
ئورۇن ئالغان كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى
ئوقۇتىمەن، ئۇلارنى ئۆز ئىنى ـ سىڭىلـ
لىرىمدەك كۆرىمەن. ئۇلارنىڭ ئاق قە-
غەزدەك پاك قەلبىگە ئىلىم نەقىشلىرىنى
سىزىمەن. ئاخشاملىرى ياتاقتا يالغۇز
ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلايمەن، تاپشۇ-
رۇق تەكشۈرىمەن، ئەتىسى سىنىپقا كىـ
رىمەن ... تەشنالىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ
تۇرغان جۈپ كۆزلەرنىڭ بېقىشلىرىدا
مەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ھۇل سالغۇچى،
چىراغ ياققۇچى، يېتەكلىگۈچى، ھايات
يېغىنى ياشناتقۇچى ئەڭ مۇقەددەس،
ئۇلۇغ كىشى بولۇپ كۆرۈنىمەن. مەن
ھازىر شەھەر قىزى ئەمەس، سەھرا
قىزى. ئالدىمدا ئولتۇرغانلار تارىخنىڭ
كۈچ ئۇلاش تايىقىنى مەنزىلىدىن ـ
مەنزىلگە يەتكۈزگۈچىلەر، بۈگۈننى
ئەتىگە تۇتاشتۇرغۇچىلار.

ئەنۋەر! يېزا تۇرمۇشى سىز ئېيتقانـ
دەك بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا گۈزەل ۋە
يېقىملىق. ھەممە نەرسە يېتەرلىك،
ھەممە كىشى ئۆز بەختىدىن سۆيۈنۈپ،
ئۆزىنى غەمسىز، تېتىك ھېس قىلىپ
يۈرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق، غەم قىلىدىغـ
نىم قانداق قىلىپ ئۆز بۇرچۇمنى ئادا
قىلىپ، خەلقنى رازى قىلىش، ئازراق
ئەقىل ـ ئىدىرىكى بار ئادەم ھاياتىنىڭ
قىممىتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگىنىدە
ئۇنى قانداق قىلىپ قەدىرلەش ۋە ۋا
يىغا يەتكۈزۈشنى ئويلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ئەنۋەر، تۆھپە كىشىلەرنىڭ ئالدىغا
ئۆزى تۆت ئاياغلىنىپ كەلمەيدۇ. ئۇنى
كىشىلەر جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق
يارىتىدۇ. سىزمۇ خېلى ئىزدىنىپ تەر
تۆكۈپ ئىشلەۋېتىپسىز، غەيرىتىڭىزگە
بارىكاللا! مەن سىزنىڭ بىر ئىزدا توخـ
تاپ قالماي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىـ
شىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خېتىڭىزدە توي قىلغاندىن كېيىن
تاغلىق رايوندا بىللە ئىشلەشنى تەكلىپ
قىپسىز، تەكلىپىڭىزنى ئورۇنلۇق دەپ
قارايمەن.

قىزلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى
پەقەت كۆز يېشى ئارقىلىقلا ئىزھار
قىلالايدۇ ... بىلەمسىز، مەن ياش تۆكۈ-
ۋاتىمەن. خىيالىم، قۇلىقىم، كۆزۈم،
ئۈمىدىم سىزدە. يۈرىكىم ئەتىنى كۈتـ
مەكتە ...

ساجىدە »

# ئىنسان، هايات، سۆيگۈ

(نەسرلەر)

**ئەسەت سۇلايمان**

1

ئانا كېپىنەكنىڭ يېرىم ئېچىلغان بىر غۇنچىگە جان كىردى، ئۇنىڭغا يۇمشاق قانات چىقتى. خايال ئۆتمەي ئۇ نازۇك تېنىنى تىترىتىپ قاناتلىرىنى كېرىپ، هاياتلىق سەپىرى ئۈچۈن كەڭرى تەبىئەت قوينىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى... بۇ ئالتۇنرەڭ قۇياش پارلاپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل بىر كۈن ئىدى!

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى ئېتىز قىرىدىكى بىر تۈپ چىغىرتماق گۈلىگە چۈشتى. گۈل سەهەردىلا ئېچىلىپ پورەكلىگەنىدى. كېپىنەك هاياجانغا چۆمۈلدى! چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم گۈل كۆرگەنىدى، گۈل زۇمرەت ئاسماندەك كۆكۈش، ئاجايىپ يۇمران ئىدى. شۇنداق، چىغىرتماق گۈلى ھەقىقەتەن چىرايلىق ھەم كۆركەم ئىدى... گۈل بەرگىدىن ئىللىق، مەست قىلغۇچى بىر ھىد تاراردى، كېپىنەك چىغىرتماق گۈلىگە ئاشىق بولۇپ قالدى... ئۇ گۈلنى ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۇزاق ئايلاندى، تاقىتى تۈگىدى. ئاخىرى گۈل بەرگىگە يېنىككىنە قوندى... ئۇلار ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلدى! ئانا تەبىئەت بۇ ئاجايىپ پاك، ئاجايىپ جەزىبىدار مەنزىرىدىن سىن ئالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كېپىنەك ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى، ھەيران قالدى! يىراق - يىراقلاردا رەڭگا - رەڭ گۈللەر كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئاشۇ گۈللەر تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. مەيىن شامالدا گۈللەر يېنىك باش لىڭشىتىپ كېپىنەكنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئەسلىدە مۇنداقكەندە!... دۇنيادا گۈل دېگەن ئاجايىپ كۆپكەن. ئېھتىمال چىغىرتماق گۈلىدىنمۇ كۆركەم، خۇشپۇراق گۈللەر باردۇ... بارمىسام ئارماندا قالغۇدەكمەن...» كېپىنەك بىرلا ئىرغىپ ئۇچۇپ كەتتى. چىغىرتماق گۈلى تەنها قالدى. ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرىدە كۆز يېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈزۈك، ئاق شەبنەملەر پەيدا بولدى...

كېپىنەك ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا ئۇچۇپ يۈردى. نۇرغۇن جايلارغا باردى. بۇ گۈلدىن ئۇ گۈلگە قوندى. ھەممىسىگە قونۇپ باقتى. ئۇزاق ئۆتتى... كېپىنەك ئاستا - ئاستا زېرىكتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى ئاشۇ تۇنجى قېتىم قونغان كۆكۈشرەڭ چىغىرتماق گۈلى ئىدى... كېپىنەك ئۇنى ئۇنتۇيالمىدى. شۇ قېتىمقى تۇنجى، ساپ ھاياجىنىنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى ۋە باشقا ھەر قانداق گۈلدىن قايتا

ھېس قىلالمىدى. ئۇ ئاشۇ گۈلنى قايتا كۆرۈش ئۈچۈن ئۇرغۇن ئىزدىدى، ئامما چىغىرتماق گۈلىنىڭ دېرىكى بولمىدى. كېپىنەك ھاردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئاللا- قاچان قېرىلىق يەتكەنىدى.

• • •

سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ جەزبە بىلەن ماڭا قارىغىنىڭدا مەن ئىختىيارسىز كۆ- زۈمنى يۇمىۋالىمەن... چۈنكى، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە چىڭقى چۈشتىكى تاۋلانغان قۇ- ياشنىڭ ئۆتكۈر تەپتى بار!

سەن كۆزلىرىڭنى يۇمغىنىڭدا، مەن كۆزۈمنى ئېچىپ، ساڭا ئۇزاقتىن ئۇزاق قارايمەن... چۈنكى ئۇپۇقتا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ شەپەق بىلەن چۈمبەل تارتقان ئوتقاشتەك جامالىنى كۆرۈش، مېنى بەخت ھېسلىرىغا چۆمۈلدۈرىدۇ.

• • •

سېنىڭ سايەڭ يىراقتىن كۆرۈنسىلا مەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىمەن. مېنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىشىڭنى تىلەيمەن! ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ، سېنىڭ قاراڭ يوتكىچە قاراپ تۇرىمەن... ئاشۇ دەقىقىلەردە دۇنيادا مەندەك بەختلىك ئادەم بولمايدۇ! چۈنكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە ساپ بولغان تۇيغۇ ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، پىنھان تۇتىدۇ. تەلپۈنۈشنىڭ پاك ۋە شېرىنلىكى ئەنە شۇ يەردە...

سېنىڭ بىلەن تەنھا قالغىنىمدا پەقەت سېنىڭلا سۆزلىشىڭنى، سېنىڭلا ئاۋا- زىڭنى ئاڭلاشنى خالايمەن. ئۆزۈم ئۈن - تۈنسىز ئولتۇرسام، بىر ئېغىز تىنمىسام دەيمەن. سېنىڭ مەندىن گەپ سوراپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن. چۈنكى ئاشۇ مىنۇت- لاردا مېنىڭ ئاۋازىم تۇرماق تىنىقىممۇ ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قوياتتى... ھەر قان- داق سۆز - ھەرىكىتىممۇ مېنىڭ شېرىن سۈكۈتۈمنى بۇزىۋېتەتتى... بۇ مەندىكى ئاجايىپ شەخسىيەتچى ئەمما پاك ئىستەك ئىدى، ئامال قانچە؟ مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ھەممىنى ئىگىلىۋېلىشنى ئىزدەيدىغان شەخسىيەتچى تۇرسا...

سېنى شۇنچىلىك سېغىنىمەن - يۇ، سېنى كۆرۈشتىن قاچىمەن. پەقەت خىيال ئىكرانىمدا سەن بىلەن كۆرۈشسەم، مۇڭداشسام دەيمەن. چۈنكى رەھىمسىز رېئاللىق چۈشلىرىمنى بۇزىۋېتەمدىكىن، يوشۇرۇن ئىنتىلىشلىرىمنىڭ ساپلىقىنى يوقىتىۋېتەم- دىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

• • •

مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ساڭا قارىغان چېغىمدا دەل سېنىڭمۇ ماڭا قا- رىغان ۋاقتىڭغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى تۇنجى قېتىم ئۇچ- راشقان چاغ ئىدى! دەل شۇ دەقىقىدە سېنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدۇڭدىن يۈزلىرىڭگە ئىختىيارسىز ئۇيياتچانلىقنىڭ سېھىرلىك قىزىللىقى تېپىپ چىقتى. سەن ئاناردەك قىزىرىپ كەتتىڭ... مەن بۇ خىل سېھىرلىك سىمانىڭ ئالەمدىكى قايسى خىل رەڭگە مەنسۇپلىقىنى بىلەلمىدىم. بۇ تەبەسسۇم ۋە نازاكەتنىڭ نۇرى بىلەن يۇغۇ- رۇلغان، ساپلىق ۋە پاكلىقنىڭ زەمزەم سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، تەسۋىرلەش مۇم-

كىدىن بولمايدىغان رەڭ ئىدى! مەن بۇ خىل سېھىرلىك رەڭنى سەبىي بوۋاقلىق تاتلىق كۈلكىسىدىنمۇ، مېھرىبان ئانىنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدىنمۇ، دانىشمەن پەرىشتىلەرنىڭ نۇرلۇق تەبەسسۇمىدىنمۇ ھېس قىلالمىدىم ...

سۇبھى يېرىپ پاك نۇرى بىلەن زېمىننى قۇچاقلىغان قۇياشتىنمۇ، يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ سېھىرلىك جۇلاسىدىنمۇ، گۈل بەرگىدىكى ئاق شەبنەمدىنمۇ، ئۈپۈقۇنلۇق دېڭىز ھاسىل قىلغان بۈژغۈن چېچەكلىرىدىنمۇ... ئىشقىلىپ ھېچقانداق نەرسىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم... ئېھتىمال بۇ رەڭنى خۇدا ياراتمىغاندۇ... ياراتقان بولسىمۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىماسىغا ئاپىرىدە قىلغاندۇ. بۇ سېھىرلىك رەڭنى پەرھات - شېرىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرگەندۇ. ئوخشاشلا، مەن بىلەن سەنمۇ؟!...

* * *

ۋىسال بىزگە قۇچاق ئاچقان چاغدا سەن ماڭا سەجدە قىلغانىدىڭ، مەنمۇ ساڭا سەجدە قىلغانىدىم. بىز بىر - بىرىمىزنى ئاجايىپ مۇكەممەل، مۇقەددەس دەپ ھېس قىلىشقانىدۇق، كۆزلىرىمىزگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنىدى ... لېكىن كۈنلەر ئۆتتى، يىللار ئۆتتى ... كۆزلىرىمىزدە ئىلگىرىكىدىكى ھاياجاننىڭ نۇرلىرى غۇۋالىشىشقا باشلىدى. بىر - بىرىمىزگە تازا زەن سېلىپ قارايدىغان بولدۇق. ئىلگىرى كۆرمىگەن يوچۇقلارنى كۆرىدىغان بولدۇق. ئىلگىرىكى مۇكەممەل ئوبرازلىرىمىزدىن نۇقسان چىقتى. مۇقەددەس تۇيغۇلارغا گۇمان چۈشتى ... شۇنىڭدىن باشلاپ بىر - بىرىمىزدىن مۇكەممەللىك دەۋاسى قىلىشتۇق، توختىماي تالاشتۇق، ئاخىرى بېرىپ ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق. مەن مۇكەممەللىك ئىزدەپ ھەممە جايغا باردىم. سەنمۇ شۇنداق قىلدىڭ، لېكىن تاپالمىدۇق ...

زېمىننىڭ تۇنجى كىشىلىرى بولغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمۇ بىر - بىرىدىن مۇكەممەللىك دەۋاسى قىلىشقانمىدۇ؟ بەلكىم قىلىشقاندۇ، ئەمما ئۇلارمۇ تاپالمىغان. چۈنكى ئۇلار چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلانغىنىدا، سەۋەنلىك ۋە گۇناھ تۇپەيلى ساماۋى ئەرشتىن زېمىنغا دەسسىگەن. سەن بىلەن مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغۇ ئاخىر!... شۇڭا بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن مۇتلەق مۇكەممەللىك تەلەپ قىلىدىغان ھەددىمىز يوق! ئەلۋەتتە.

2

بىر تىلەمچى ھاسا تۇتۇپ، ساپايى سوقۇپ ئاستا كېتىپ باراتتى. مەن يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم:

— پۇلنى ئېلىڭ، بۇ سىزگە قىلغان ياخشىلىقىم!

— رەھمەت، — دېدى تىلەمچى پۇلنى ئېلىۋېتىپ، — يىگىت زىيان تارتمىدىڭىز!

— قانداق دەيسىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى تىلەمچى، — بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ھەققى ھېچكىمدە قالمايدۇ. ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەنپەئەتتىن ئىبارەت باغلىنىغۇچىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. سىز ماڭا پۇل بەردىڭىز، مەن ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشـ

تىم. سىز پۇلىڭىزنىڭ بەدىلىگە مەندىن «رەھمەت» دېگەن مۇقەددەس تەشەككۈرگە سازاۋەر بولدىڭىز. ھېچبولمىغاندا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ، روھىي جەھەتتىن ئۆزىڭىزنى توق، خۇشال ھېس قىلدىڭىز. دېمەك، مېنىڭ قورسىقىم تويىدىغان بولدى، سىزنىڭ بولسا روھىڭىز تويۇندى. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، روھىي موھتاجلىق ئالدىدا ماددى موھتاجلىق ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ!...

* * *

ئۇ ئاجايىپ نوپۇزلۇق زات ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئادەتتىكى ئاددى بىر ئادەم ئىدىم. ئۇ تا ئۆلگىچە شۇنداق «ئۇلۇغۋار» لىقى بىلەن ياشىدى. ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە تېشى تىكلىنىپ ھەيۋەتلىك مەقبەرە ياسالدى. سانسىزلىغان ئاددىي قەبرىلەردىن پەرقلەندۈرۈلدى. ئېھتىمال مەن ئۆلگەندە بىر دۆۋە توپا ئاستىدا ياتارمەن ... ھېچ ئۇقمىدىم، ئاشۇ «ئۇلۇغۋار» شەخسنىڭ «جەننەت» ياكى «دوزاق» تا ئالاھىدە نوپۇزى بارمىكىن؟!...

* * *

مەن ئېسىمگە كەلگەندىن تارتىپ، سىرتقى دۇنياغا نەزەر تاشلاپ كەلدىم. ئائىلە، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە دۇنيانى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشتىم. مەندىن بۇرۇن قانچىلىغان ئادەملەر شۇنداق ياشىغاندۇ. ئېھتىمال، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە قانچىلىرى شۇنداق ياشار ...

ھايات سەپىرىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى قالغاندا، مەندە غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولدى: ئەجىبا، مەن باشقا نەرسىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشتىم - يۇ ئۆزۈمنىڭ كىملىكى توغرىسىدا سوئال قويۇپ باقتىممۇ؟ ئۆزۈم ھەققىدە نېمىلەرنى بىلدىم؟ نېمىشقا ئۆز - ئۆزۈم ھەققىدە زەررىچە چۈشەنچەم يوق؟ مەن ئەمدى كېچىكتىم!... ئىست! ئۆزۈمنى بىلەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم ...

* * *

مەن تۇغۇلغاندا ئانام سانسىزلىغان ئانىلارغا ئوخشاش، «بالام چوڭ بولغاندا بەختلىك بولغاي» دەپ خۇدادىن تىلەپتىكەن. مەن ئاشۇ بەختنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكىلى توپ - توغرا يېرىم ئەسىر بولدى. چاچلىرىمغا ئاق چۈشتى. كۆزۈمنىڭ نۇرى قاچتى... ئويلاپ باقسام، تۈنۈگۈن بۈگۈننى كۈتۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۈگۈن بولسا...مانا ئەتىنى خىيال قىلىپ كەچ بولدى. بىلمىدىم، ئەتىچۇ؟!...

* * *

مەن ئۇنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرەتتىم! لېكىن ئۆز قىممىتىمنى چۈشۈرۈۋالماي دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا قەستەن غادىيىپ، مەغرۇر يۈرىدىغان بولدۇم ...

مەن ئۇنى ئۆلگىدەك ئۆچ كۆرەتتىم! لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن، چىرايىمغا قەستەن سۈنئىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، چىشلىرىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ، ھىجىيىپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم ...

مەن ئۆمۈر بويى شۇنداق ياشىدىم. بىرەر قېتىممۇ ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىمنى كۆرسىتەلمىدىم، نىقابلانغان ساختا تۇرقۇم بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئاندىن يالىڭاچ تۇغۇلغانىدىم. لېكىن بۇ دۇنيا ماڭا ئۆمۈر بويى كىيىم كىيگۈز-

دى، ئېھتىمال، ئۆلسەمدۇ كېيەن بىلەن كۆمۈپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ھەققى
« ئۆزۈم » نەگە باراركىن؟!..

3

ھەسەتنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنى ئۇقمايمەن. مەن تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇ
مەۋجۇت ئىكەن. بىر تۇپراققا دەسسەپ، ئوخشاش بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقان
ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ساختا كۈلكىسىنىڭ كەينىدە، ھەسەت ۋە خىرىسىنىڭ ياۋۇز ئۇچ-
قۇنلىرىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن!... ئەجىبا كىشىلەر قىلچە ئىككىلەنمەستىن،
تولۇپ - تاشقان ساپ ھېسسىيات بىلەن: « ئەھ، ئادەم! ئىنسانني سۆيمىسەڭ بىلەن
بىر - بىرىمىزگە قول بېرەيلى!» دېيەلمەيدۇ، بۇ شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟!..

* * *

مەن ھاياتتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم. ئەمما ئېرىشكەنلىرىمنى ناھايىتى
ئاز ئويلايمەن.

مەن ھاياتتا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىدىم... ئەمما ئېرىشەلمىگەن
ئاشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن، ئوي - خىيالىم ئەبەدىي توختاپ قالمىدى!...

* * *

ئۇ بىر قاتىل! ئەمما، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئالدىدىكى ئاجىزەنىڭ بې-
شىدىن پىچاق ئايلاندۇرۇۋاتقان دەقىقىدە، ئىنسانىي مېھرىنىڭ غىل - پال ئۇچقۇن-
لىرىنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن بولغان توقۇنۇشتا، چاقماق چاقماقتەك جۇلالىنىپ، غايىپ
بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم!...

ئۇ بىر ساخاۋەتچى! ئەمما مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئالدىدا ئۆزىدىن يۇقىرى
تۇرغان يەنە بىر ساخاۋەتچىگە نىسبەتەن، يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر ۋەھشى نۇ-
رىنىڭ يالتىرىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم!...

* * *

مەن قايغۇنىڭ كاتتىدا پۇچىلىنىۋاتقان چاغدا، دۇنيا ماڭا كۆرۈمسىز، سو-
غۇق قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلدى.

مەن شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەندە، ئاسمان، زېمىن، سۇ، تۇپراق ... جىمى
مەۋجۇدات ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، نۇرغا تولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى...

شۇڭا ئەيسا ئەلەيھىسسالام مۇخلىسلىرىغا: « دوزاخ سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا »
دەپتىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا جەننەتمۇ شۈبھىسىز بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا!...

* * *

گەرچە ھاياتىڭدا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىڭ قالغان بولسىمۇ بۇ پۇرسەتنى قول-
دىن بېرىپ قويما. قانغۇچە نەپەس ئېلىۋال. ئىگە بولالىدىغانلىقى نەرسىگە ئېرىشىش
بىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتىمىز! شۇنىسى ئېنىقكى، سەن بۇ دۇنيادىكى تۇنجى ھەم
ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىنسان. ساڭا تامامەن ئوخشايدىغان باشقا بىرسى ئەزەلدىن تۆ-
رىلىپ باقمىغان ھەم تۆرەلمەيدۇ!...

## يېزامدا كۈز

### زورەم زىكىردىيا

هوسۇل پەيتى ئېلىپ كېلىپ دىـلنى خۇشال قىلدى بۇ كۈز،
ھەممىتىدىن كۆكۈل يايراپ تۈزدى مىگلاپ داستان بۇ كۈز.

گۈزەل تاغلار، ئېتىز - باغلار مېنى قىلدى چىن مەھلىيا،
كۈي - غەزىلىم چىقتى قايناپ قەلبىم مېنىڭ فونتان بۇ كۈز.

شاخ ئېگىلىپ تۇپراق سۆيگەن، ئوخشاپ چىلان، ئالما، ئۈزۈم،
ھەر كىشىگە خۇش كېلىك دەپ بـالۇ ھەسەل تۇتقان بۇ كۈز.

شاۋقۇن سېلىپ ئاقسا سۇلار، سۆيۈنىدۇ كەگرى دالا،
ئېچىپ ھۆسۈن گۈل - گىياھلار ئىپار - زەپەر چاچقان بۇ كۈز.

سانىسىزلىغان مال - چارۋىغا تەڭ بولالماس يۇلتۇز سانى،
تۈكلىرىدىن ماي تـەپچىرەپ يايلاق يۈزىن ياپقان بۇ كۈز.

غەيرىتىدىن دېھقان ئاكام ئالدى هوسۇل چوڭ باي بولۇپ،
دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن چەشكە تولۇپ كەتتى خامان بۇ كۈز.

يېزام قوينى جەننەت بۈگۈن، قۇياش سۆيـگەچ ھۆر باغرىنى،
ئۈز ھۆسنىدىن كۆكتە ئاي لال ھەم ھەيرانە چولپان بۇ كۈز.

تاپتى شۆھرەت ئەمگەك سۆيگەن ئىسلاھاتنىڭ قاينىمىدا،
تۇتتى ئاكا قۇت جامىدا مەي تولدۇرۇپ جانان بۇ كۈز،

ئۆيۈلتاشتەك ئۆيۈشتى چىك ھەممە مىللەت قېرى ھەم ياش،
ۋەتەن تويى - ئۆكتەبىرگـە غەلبـە گۈلى تۇتتى بۇ كۈز.

# سىبىستىمرا قىزغا

**تۇردى يۇنۇس**

ساقىمىز بولۇپ يېتىپ قالسام بۆلۈمىڭدە،
ئوكۇل ساالدىڭ چىۋەر قولدا بىلىنمىگە.
نە سەۋەبتىن ئۆزگىچە بىر سىزىم تاراپ،
ئوت تۇتاشتى بەدىنىمگە — يۈرىكىمگە.

بىلەلمىدىم سەن سالغان ئۇ قانداق ئوكۇل،
ياخشىلاندىم ئۆزۈمغۇ تېز كۈندىن كۈنگە.
ئەمما پىكىر - خىياللىرىم قانات قېقىپ،
قوشۇپ ئالدىم يېڭى «كېسەل» كېسىلىمگە.

پەرۋىش قىلدىڭ ئوكۇل - دورا، مېھرىڭ بىلەن،
قوشۇپ ساپسەن سۆيگۈ ئوتى قىزىپ قالدىم.
ساڭا بولغان يۈرەك سۆزىنى ئىزھارلاشقا،
يول تاپالماي يولۇمدىنمۇ ئېزىپ قالدىم.

****************

# كۆزۈك

**دولقۇنجان جاپپار**

كۆزۈك مېنى ئېزىقتۇرغان ئېزىتقۇ،
كۆزۈك قېنىم چايقىغۇچى لېيىتقۇ.
كۆزۈك مېنى سەۋدا قىلغان چەشمىدۇر،
كۆزۈك ئەسلى مۇھەببەتكە ئېچىتقۇ.

كۆزۈك چوغدىن يارالغانمۇ بىلمىدىم،
كۆزۈك بەرگەن ھارارەتتە ئىسىندىم.

كۆزۈك ئەسلى قۇياشتىن نۇر ئەمگەنمۇ،
كۆزۈك بىرلە تەڭداش كۆزنى كۆرمىدىم.

كۆزۈك باھار ئېلىپ كەلدى تېنىمگە،
كۆزۈك كۆلكە بەخش ئەتتى كۆڭلۈمگە.
كۆزۈك نېچۈن شۇنچە ئىللىق، جەزبىدار،
كۆزۈك يېڭى مەزمۇن قوشتى كۈيۈمگە.

# دىلبەر

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

نىگاھ ئوقياسىنى بەتلەپ ماڭا ئاتقان چېغىڭ دىلبەر،
يۈرەك تۈپراقىغا ئۆتتى سېنىڭ ئاتەش تىغىڭ دىلبەر.
قامال قىلدىڭ خىيالىمنى، ئۇتۇپ سۆيگۈ ۋىسالىمنى،
سامان قىلدى چىرايىمنى سۇزۈك ياقۇت لېۋىڭ دىلبەر.
ئىشىق دەرياسىدا لەيلەپ، ساڭا دىلدىن ۋاپا ئەيلەپ،
تىلەپ يۈردۈم ساۋاب سەندىن ئوچۇقمۇ دىل بېغىڭ دىلبەر.
ماڭا شۇنچە سۆيۈملۈكسەن، قاچان تالىق بولار سۆيگۈڭ،
شۇڭا دەيمەن يېرىلسا تېز ماڭا سۆيگۈ تېغىڭ دىلبەر.
جېنىم گويا جۇدا تەندىن، تىلەيمەن جان پەقەت سەندىن،
ۋە يا قاتىل پىچاقىنى ئۇرارمۇ شۇل تىلىڭ دىلبەر.
شۇ تاپ سۆيگۈم باھارىغا، ھاياتىمنىڭ ناھارىغا،
بولۇپ قالدىڭ خۇدا - قاتىل ئەجەب سىرلىق دىلىڭ دىلبەر.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

# گۈزەل يايلاق

تۆمۈر ئېزىز

گۈزەل چـوپان ئېلىپ كەلدى مېنى باشلاپ بۇ تاغقا،
(نەبىر چوپان، بىر پەرى باشلاپ كەلدى يايلاققا.)
قۇچاق ئاچتى خۇشخۇي كۈلۈپ ماڭا قوۋناق ھۇر ھايات،
ئاسايىش - قۇت ناۋالىرى ياڭراپ لەرزان ھەر ياققا.
تاغ باغرىدا يېشىل ئورمان ئوينار ئۇسسۇل ئىغاڭلاپ،
«كېلىڭ ئېزىز مېھمىنىم» دەپ كۈلۈپ قۇچاق ئاچىدۇ.
كەڭ يايلاقتا قىيغىتىپ يۈرەر سانسىز چارۋا - مال،
چوپان قىزچاق ئېيتقان كۈي دىللارغا ئوت ياقىدۇ.
جانغا ھوزۇر ھاۋاسىدىن شىپا تاپار بىمارمۇ،
مەپتۇن قىلدى مېنى دىلدىن چىرايلىق قار لەيلىسى.
كۆرمەك بولساڭ كۆزۈڭدە خانتەڭرىگە كەل مېھمان،
سەيلىگاھتا خۇشال ئۆتسۇن دوست - يارانلار سەيلىسى.
بايلىقى مول، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى بەك يۇمران،
مۇشتاق بولۇپ جامالىغا باقار ھەتتا كۆكتە ئاي.
شائىر - رەسسام كەلگىن ئەگەر ئەسەرگە تىپ ئىزدىسەڭ،
كۆرسىتىدۇ تۆت پەسلىنى بىرلا كۈندە بىرلا جاي.

# قەلەندەر پادىشاھلىقىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتە

(چۆچەك)

ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

## ئالۋاستىلار ئۇۋىسىغا كىرىش

مىسىرنىڭ قەدىمىي بىر كوچىسىدا ئۇزۇلگەن بېلىكىنى گېپىس بىلەن قاتۇرۇۋالغان، كىيىملىرى مەينەت بىر قەلەندەر يۈرەتتى. ئۇ توختىماي قولىنى سوزۇپ: «رەھىم قىلىڭلار، ماڭا ئازراق پۇل بېرىڭلار!» دەپ كىشىلەرگە يالۋۇراتتى. پار - پۇر كىيىملەرنى كىيىشىپ گىدىيىپ يۈرگەن ئەمەلدارلار، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، يىراقتىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى كىشىلەرلا بىر نەچچە تەڭگىنى بۇ قەلەندەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ قوياتتى. قەلەندەر دەرھال ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئاۋازىنى ئارانلا چىقىرىپ: «ئاللا ئۆزلىرىنى پاناھىدا ساقلىغاي!» دەيتتى.

بۇ قولى تۆكۈر تىلەمچى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئوتتۇرا شەرقتە تارقىلىش تىراژى ئەڭ كۆپ بولغان «بۈگۈنكى گېزىت» نىڭ باش مۇھەررىرى خەمىد ئىدى. ئۇ ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم چاكار، قاراقچى، جىنايەتچى بولۇۋېلىپ يەنى شۇ قاتارلىقلار ئارىسىدا يۈرۈپ، كۆپلىگەن ماقالىلارنى يازدى؛ بۇ ماقالىلار جەمئىيەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىر قىسىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئۇ، بۈگۈن ئالاھىدە دوختۇرخانىغا بېرىپ، دوختۇرلارغا يالۋۇرۇپ، بېلىكىنى گېپىس بىلەن قاتۇرۇۋتتى، ئۇ شۇ قىياپىتى بىلەن كوچىغا چىقىۋىدى، گويا قەلەندەرگە ئوخشاپلا قالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە قەلەندەرلەر ئارىسىدا بىر ھەپتە تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولدى.

خەمىد تىلەمچىلىك قىلغاچ ئەتراپنى كۆزىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قەلەندەرلەر توپىغا كىرىش ئۈچۈن قەلەندەرلەر باشلىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىملىقىنى بىلەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، قەلەندەرلەر ھەرگىزمۇ ئۇنى ئارىسىغا ئالماي زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ كوچىدا بىر كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ بەزى كىچىك قەلەندەرلەرنىلا ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقىنى ئۇچرىتالمىدى. خەمىد ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئادەم ئەڭ كۆپ بولغان چوڭ سودا سارايلىرى تەرەپكە بېرىپ تەلىيىنى سىناپ كۆرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ سودا سارى-

يېقىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كېلىپ ئەمدىلا تىلەمچىلىكنى باشلىغانىدى، تويۇقسىز
قاپقارا، پاسكىنا بىر كۆچلۈك قول ئۇنىڭ مۈرىسىنى قامالىدى، ئۇ قايرىلىپ قا-
راپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كالپۈكى يېرىلغان، تەلەتى سۆرۈن ئوتتۇرا
ياشلىق بىر ئەر كىشى تۇراتتى. ئۇنىڭ پەقەت بىر قول، بىر پۇتىلا بولۇپ، قولىدا
يوغان ھاسا بار ئىدى. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا:

— سەن باشقا يەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىل! بۇ يەر — خەمەن ئۇستامى-
نىڭ دائىرىسى. سەن خەمەن ئۇستامنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ
چانىقىغا پېتىپ كەتكەن ئورا كۆزلىرى غەزەپلىك ھالدا خەمىدكە قادالغانىدى. خە-
مىد ئۆزىگە بىر سوغۇق ئىقىم كېلىپ ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلدى-دە، بىر نەرسە
دېيىشكە ئەمدىلا ئېغىز ئاچقانىدى، ئۇ قەلەندەر ۋەھشىيلەشكەن شىردەك ھۆكى-
رىدى، — خەمەن ئۇستام دېگەن مەن بولىمەن! — ئۇ بىردىنلا كۆتەكتەك قولى بى-
لەن كاپلا قىلىپ خەمىدنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ۋە غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ دائى-
رەمگە كىرىشكە پېتىنغان ئادەمنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، — دېدى.

خەمىد بىر كۈندىن بۇيان ئۆزى ئىزدەۋاتقان قەلەندەرلەر باشلىقىنى كۆرۈپ غەي-
رەتلەندى. ئەمما ئۇ دەرھال قاتتىق ھودۇققان قىياپەتكە كىرىپ، ئۇنىڭغا تىزلىنىپ
تەزىم قىلىپ يالۋۇردى:

— مەن ھازىرلا دوختۇرخانىدىن چىقتىم. مەجرۇھ بولۇپ قالدىم. تىلەمچىلىك
قىلىپ ئازراق يول خىراجىتى تېپىۋېلىپ ئۆيگە قايتماقچى ئىدىم. ئۇستام ماڭا رەھ-
ىم قىلىپ، جان بېقىشىمغا يول قويغان بولسىڭىز.

خەمەن خەمىدنىڭ «تۆكۈر قول»نىغا سەپسېلىپ خېلى تۇرغاندىن كېيىن، چو-
پاق كۆزىنى پىلدىرلاتتى، ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان چىرايى ئاستا-ئاستا ئېچى-
لىپ كۈلكە يۈگۈردى، ئاۋازىمۇ سەل يۇمشىدى.

— بولىدۇ، تىلەمچىلىك قىلساڭ قىل. لېكىن ماڭا كۈندە ئاز دېگەندە بەش
فوندستىرلىڭ پۇل تاپشۇرۇسەن، — دېدى.

خەمىد غەمگە پاتقان قىياپەتكە كىرىپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ئىلاجى-
سىز بېشىنى لىڭشىتتى. خەمەن خەمىدنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇ-
شاللىقىدا «ھې، ھې...» قىلىپ قۇرۇق كۈلۈپ قويدى. ئاندىن خەمىدكە
كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قۇرۇق كۆتەكتەك قارا قولىنى خەمىدنىڭ مۈرى-
سىگە قويۇپ دىڭگۇسلىغىنىچە خەمىدنى بىر يالغۇز كونا بىنانىڭ ئىچىگە باشلاپ
ماڭدى. لىڭشىپ كەتكەن پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كىچىك بىر ئېغىز ئۆيگە
كىردى. ئۆي قاراڭغۇ بولۇپ چىراغ يوق ئىدى. پەقەت ئوچاقتىن چىقىۋاتقان قىزى-
غۇچ ئوت نۇرى بۇ كىچىك ئۆينى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە ئەسكى-
تۈسكى نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. خەمىد ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ ھەممە
يەرنى كۆزىتىۋاتاتتى، خەمەن تويۇقسىزلا ئۈستىدىكى ئەسكى چاپىنىنى «چارت» قىلىپ
يىرتىپ تاشلاپ، تال-تال قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆشىنى ئاچتى. ھاۋا ئىس-
سىقمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە يۇيۇنغىدەك سۇمۇ يوق ئىدى. ئۇ يالىڭاچلى-

نىسپ نېمە قىلماقچى؟ خەمىد تېخى بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇرۇۋىدى، خەمەن بۇرۇلۇپلا ئوچاق ئالدىغا بېرىپ ئوچاقتىن قىپقىزىل چوغ بولغان دەزمالنى ئالدى-دە، يالىڭاچ بەدىنىگە يېقىشقا باشلىدى. بىژىلىدىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنىدە قىزىل-قارا يارىلار پەيدا بولۇپ، ئۆي ئىچىنى كۆيۈندە پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. خەمەن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە دەزمالنى توختاتماستىن بەدىنىگە ياقماقتا ئىدى. خەمىد ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە تۇراتتى. ئۇ قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ ۋەھشىيلىكى توغرىسىدا ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ دەرىجىدە رەھىمسىزلىكنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا خەمەنىنىڭ ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشىدە مەلۇم مەقسىدى باردەك قىلىدۇ. ئۇمۇ دەزمالنىڭ تەمىنى تېتىپ باقامدۇ نېمە؟

دەرۋەقە، خەمەن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن دەزمالنى ئوچاققا سالدى-دە، شارتلا بۇرۇلۇپ خەمىدكە قاراپ ھۆكۈردى:

— تېز كېيىملىرىڭنى سال، تېز بول! — ئۇ خەمىدنىڭ مىدىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈردى، — بۇنىڭ قورقىدىغان نېمىسى بار؟ بۇ بەدىنىڭدىكى پارازىتلارنى كۆيدۈرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ماڭا كېرەك بولغان بەلگە بولۇپ قالىدۇ، — دېدى. ئۇ سۆزلىگەچ ئوچاقتىكى دەزمالنى ئېلىپ، دىڭگۇسلاپ خەمىدكە قاراپ قىستاپ كەلمەكتە. خەمىد خەمەنىنىڭ غۇۋا قىزىرىپ تۇرغان ئوت يورۇقىدا ئەزرائىلدەك كۆرۈنۈۋاتقان يۈزىگە قاراپ «مۇشۇنداق بىر ۋەھشى دۇنياغا كىرىشنى ئويلىغان ئىكەنمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەي بولامدۇ» دەپ ئويلىدى-دە، كېيىمىنىڭ ئالدىنى تارتىپ ئېچىپ كۆزىنى يۇمدى. خەمەن بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. خەمىد چوغ بولغان دەزمالنىڭ كۆكرىكىگە بارغانچە يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا.

خەمەن دەزمالنى خەمىدنىڭ كۆكسىگە ئەمدىلا ياققانىدى، تۇيۇقسىزدىن ئىشىك ئېچىلىپ، قاپقارا دۈگىلەك بىر نەرسە دۈگىلىنىپ كىردى. ئارقىدىنلا نۇفۇر ئىسىملىك بىر مەجرۇھ ئەر كىشىمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى نەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خەمەنگە:

— بۇ كىچىك پومزەك قېچىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، مەن تۇتۇپ كەلدىم. ئۇنىڭغا بىر ۋاقلىق قىزىق تاماق يېدۈرۈپ قويايلى، — دېدى.

بۇ 15 - 16 ياشقىمۇ توشمىغان كىچىك قەلەندەر ئىدى. ئۇ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىن ۋەھىمە ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش خەمەنىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى يۆتكىۋەتتى. ئۇ خەمىدنى ئىتتىرىۋېتىپ غەزەپ بىلەن كىچىك قەلەندەرگە تىكىلدى، ئاندىن خەمىدنى نۇفۇرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنى ئېلىپ ماڭ، ئۇنىڭغا ياخشى ئېتىبار قىل! — دېدى. نۇفۇر خەمەنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلاپلا، خەمىدنى تارتىپ ئېچىقىپ بىنا پەلەمپېيىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈردى. خەمىد قان ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ كونا بىنادىن ئايرىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك بولدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەتىگەندە ئىككى كۆزى كۆر بىرقەلەندەر ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئور-
نىغا كېلىپ، نوفۇرغا خەمەن ئۇستامىنىڭ خەمىدنى دەرھال باشلاپ كېلىشىنى تاپ-
شۇرغانلىقىنى ئېيتتى. نوفۇر خەمىدكە:

— سەن پۇلۇڭنى ساناپ كۆر، ئۆتكەن ئۈچ كۈندە تاپقان پۇلۇڭ 15 فوندستىر-
لىڭغا يەتتىمۇ — يوق، باشلىق سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالماقچى، — دېدى.

خەمىد ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئارانلا 13 فوندستىرلىڭدىن
سەل ئارتۇقراق پۇل چىقتى. بۇنى كۆرگەن نوفۇر بېشىنى چايقىغىنىچە ئاچچىق كۈلۈپ:

— قېنى سىناپ كۆرەيلى، بىراق باشلىق بىلەن ئوينىشقىلى بولمايدۇ، — دېدى.

خەمىد دەككە - دۈككە ئىچىدە ھېلىقى ئەسكى بىناغا كەلدى، ئۈچ كۈن تى-
لەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەمەنگە بەردى. خەمەن بۇ پۇلنى
ساناپ بولۇپ:

— لىللا گەپ قىلسام، سەن مۇشۇ ھالىڭ بىلەن بىر كۈن تىلەمچىلىك قى-
لىپ بەش فوندستىرلىڭ تاپالمايدىكەنسەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز بىر ياخشى
چارە ئويلاپ قويدۇق. ئۇ سۆزلىگەچ كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىپ كۆزىنى قىسىپ،
بېشىنى چايقىدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سېنىڭ بۇ قىياپىتىڭ بولمايدۇ، سېنى ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك! ئۇ گې-
پىنى تۈگىتىپلا، خەمىدنىڭ قولىدىن تارتىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

خەمىد «ئوپېراتسىيە» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ گىرىم قىلىپ
ئۆزىنى تېخىمۇ پاسكىنا، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتسە، بەدىنىنىڭ بىر
قانچە يېرىگە جاراھەت ئىزى قالدۇرسا كېرەك، دەپلا ئويلىدى. «كىشىلەرنى چۆچۈت-
كىدەك ماقالە يېزىش ئۈچۈن، ئانچە-مۇنچە قۇربان بەرسەممۇ مەيلىغۇ» دېدى ئۇ كۆڭلىدە.

ئۇلار ئورغۇن يەرلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىرەر - يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن
كېيىن، خەمەن ئۇنى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغان ئىككى قەۋەتلىك بىر خارابى
كىچىك بىناغا باشلاپ كىردى. ھويلا ئىچى سېسىق سۇغا تولۇپ كەتكەنىدى. بىنا-
نىڭ ئىچى ھەم قاراڭغۇ ھەم زەي بولۇپ، كىرىش بىلەنلا بىر خىل سېسىق پۇراق
دىماققا ئۇرۇلاتتى. خەمىد بۇ ۋەھىمىلىك ئورۇنغا سەپسېلىپ قارىماقتا ئىدى. تۇ-
يۇقسىز بىر ئۆيدىن نالە - پەرياد كۆتۈرۈلدى. بۇ بىر ئەر كىشىنىڭ ئۈمىدسىزلىك
ئىچىدىكى ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئىدى.

— ۋايجان، ۋايجان كۆزۈم، ۋاي كۆزۈم!

خەمىد بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاۋاز چىققان يەرگە ئېتىلىپ
كىردى - دە، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. يوغان ئۈچ كىشى بىر كىشىنى يەرگە قاتتىق
بېسىۋالغانىدى. تۆتىنچى بىرسى بولسا، ھەم پاسكىنا ھەم ئۇچلۇق بارماقلىرىنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىۋاتقان ئاستىدىكى ئەرنىڭ كۆز چانىقىغا تىقىۋاتاتتى.
ئادەمنىڭ پۈتۈن تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ئېچىنىشلىق چىقىراشلار ئىچىدە ھېلىقى
ئەر ئاستىدىكى ئەرنىڭ كۆزىنى ماتاپ تىرناقلىرىغا قىسىپ ئېلىۋالدى - دە، تام
تۈۋىگە تاشلىۋەتتى. ئويۇۋېلىنغان كۆزدىن قان ئېتىلىپ چىقتى، ياردەمچى ئۈچ

كىشى تاشلىۋېتىلگەن كۆزگە قاراپ ئۇنىڭ قول ـ پۇتىنى بوشىتىپ قويىدى.

ـــ بولدى ئۇكا، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولدۇڭ، بۇندىن كېيىن پۇلىنى جىق تاپىسەن! ـــ دېدى ئۇلاردىن بىرسى ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

خەمىد بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ھالىتى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا تۇساتتىن ئالدىدىكى «ئوپېراتسىيە كاردۇرتى» دىن يەنە قاتتىق چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. خەمىد سىنچىلاپ قارىغانىدى، قىپيالىڭاچ بىر ئايال تۆك سىمى بىلەن قاتتىق باغلانغان ھالدا ئۆگدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر پۇتىنى بىر نەچچە كىشى قان يۇقۇپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن تاختاي ئۈستىگە بېسىۋالغانىدى. ئۇ ئايال پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇ بوغۇلغان ئاۋازدا:

ـــ ئۇستام، مەن تىلەمچىلىك قىلمايمەن، ماڭا پۇت كېرەك. مەن تىلەمچىلىك قىلمايمەن! ـــ دەپ يالۋۇراتتى. خەمەن چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلغانىدى، يېنىدىكى بىر نەچچە ياردەمچىسى قارا ياغلىق بىلەن ئايالنىڭ كۆزىنى تاڭدى. دەل مۇشۇ چاغدا خەمەن ساق قولى بىلەن بىر چوڭ قېلىچنى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى، «تاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايالنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋەتتى، بىر پۇت تىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كېسىلىپ يېرىياققا ئۇچۇپ چۈشتى ـ دە، قان فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى. ئايال ئېچىنىشلىق بىر چىقىراپ ھوشىدىن كەتتى. بۇ چاغدا خەمەن ئۈسۈملۈكتىن ياسالغان دورىنى ئايالنىڭ يارىسىغا باستى، ھەمدە ئايالنىڭ يانپىشىغا ئۇرۇپ:

ـــ بۇ خاسىيەتلىك دورا قان توختىتىدۇ، ھەم ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن تىللا تېرىشكە باشلايسەن! ـــ دېدى ئۇنلۇك قىلىپ.

خەمىد پاجىئەلىك بولغان بۇ ئىككى «ئوپېراتسىيە» نى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان قول ـ پۇتى تۆكۈر، كۆزى قارىغۇ مەجرۇھلارنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ چاغدا پۈتۈن بەدىنىگە قان چاچراپ كەتكەن خەمەن خەمىد تەرەپكە دىڭگۇسلاپ كەلدى ـ دە، چىرايىنى غەلىتە قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ ئەجەبلىنىۋاتامسەن؟ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كۆپلەپ پۇل تاپالايسەن. مېنىڭ قانچىلىك مال ـ مۈلكۈم بارلىقىنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئۈچ يەردە ئەجەنبىي بىنايىم، بەش يۈز مىڭ فوندستىرلىڭ پۇلۇم بار، ـــ دېدى.

«بەش يۈز مىڭ فوندستىرلىڭ!» خەمىد بۇنى ئاڭلاپ كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. نېمە دېگەن كۆپ پۇل بۇ ـ ھە، ئۇلارنىڭ گېزىتخانىسىنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق پايدىسىمۇ ئارانلا شۇنچىلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! خەمىد ھەيران قېلىپ تىلىنى چاكىلدىتىپ كەتتى، ئۇ تېخى ئۆزىنى بىلىپ ـ بىلمەي تۇرغانىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى:

ـــ مەن سېنىڭ پۈتۈكىنىمۇ ئازراق بىر نەرسە قىلىپ باقاي، شۇنداق بولغاندىلا سېنىڭ پۇت ـ قولۇڭ ئازراق ياڭزىغا كىرىپ قالىدۇ، ئاندىن ماڭا ئوخشاش

جەق پۇل تاپالايسەن!

بۇ ئاۋاز گويا بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، خەممىدنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ خەمەننىڭ باغرى تاش، قولى زەھەر ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى، پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئەمدى ساق پۇتىدىن ئايرىلىپ، خىزمەت ئورنىدا دېڭگۈسلاپ يۈرسۇنمۇ؟! بۇ بىر قورقۇنچلۇق چۈش ئىدى. ئامال قىلىپ بۇ ئالۋاستى ئۆۋىسىدىن تېز ئايرىلىش كېرەك.

خەممد ئۇلارنى ئويلاپ، دەرھال بىچارە قىياپەتكە كىردى - دە، خەمەنگە يالۋۇردى:

— خەمەن ئۇستام، مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىممۇ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايدۇ. مېنىڭ قولۇم ئازراق ياخشى بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن. مۇشۇ ھالىتىم بىلەنمۇ نۇرغۇن پۇل تېپىپ سىزنى رازى قىلىمەن.

خەمەن غەلىتە بىر ھىجىيىپ، بېشىنى چايقىدى.

— سەن ھازىر ئازغىنىمۇ بىر نەرسىنى تاپشۇرالمايۋېتىپ، يەنە كۆپرەك پۇلنى قانداق قىلىپ تاپشۇراتتىڭ!

خەممد ھودۇققان ھالدا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مەن نەچچە كۈندىن بۇ كەسىپكە ئانچىلا ئۆزلىشەلمىدىم، ئەمدى بىلىپ قالدىم. يېشى 50 تىن ئاشقانلاردىن، بولۇپمۇ، قىزلاردىن پۇل تىلىمەسلىك كېرەككەن. ئۇلار بىزگە ھېسداشلىق قىلمايدىكەن. يىگىتلەردىن پۇل تىلەش كېرەككەن. ئۇلار ئانچە - مۇنچە ھېسداشلىق قىلىدىكەن، ئېھتىمال بۇ ھېسداشلىق قىزلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، يەنە يېزىلاردىن كەلگەن يىگىتلەر كاستۇم بۇرۇلكا كىيگەن، تەربىيە كۆرگەن يىگىتلەرگە قارىغاندا بىزگە تېخىمۇ كۆپرەك ھېسداشلىق قىلىدىكەن، — خەممد بىر تىنىقتا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، سۆزىنى تېخىمۇ ۋەزنىلىك قىلىپ، — ئاللا گۇۋا بولسۇن، ئەگەر مەن ھەر كۈنى كەچتە سىزگە 10 فوندستېرلىڭ پۇل تاپشۇرالمىسام، پۇتۇمنى جەزمەن سىزنىڭ كېسىۋېتىشىڭىزگە سۇنۇپ بېرىمەن، ھەرگىزمۇ قارشىلىق قىلمايمەن، — دېدى.

خەمەن خەممدكە قادىلىپ خېلى تۇرغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىدا سەل ئۆزگىرىش پەيدا بولدى:

— ھې، بۇ ساراڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋاپتۇ، ماڭ بار!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خەممد گويا دوزاقتىن ئۆمىلەپ چىققاندەك، ھېچنەرسىگە قارىماي بۇ تاشلاندۇق بىنادىن قېچىپ چىقتى. ئۇ ئەمدىلا ئۆزىنىڭ ئالۋاستى چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىدا خۇشال بولۇۋاتقىنىدا كەينىدىن ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، نوفۇر قاتارلىق بىر قانچە قەلەندەرنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار خەمەننىڭ نوفۇر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تىلەمچىلىك قىلىشى ھەققىدىكى يولیورۇقىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا چوقۇم جازالىنىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى. خەمەن خەممد

قېچىپ كەتسە، بىر تۈپ تىللا دەرىخىنىڭ كېمىيىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. شۇڭا سادىق غالچىسى نوفۇرنى خەمىدنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى.

ئەتىسى نوفۇرنىڭ پايلاقچىلىقىدا، خەمىد پويىز ئىستانسىسىدا تىلەمچىلىك قىلدى. خەمىد رەڭگارەڭ چىراغلار يېنىشقا باشلىغانغا قەدەر پۈتۈن بىر كۈن تىلەمچىلىك قىلىپ ئارانلا بىر نەچچە تىيىن تەڭگىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. رەھىم - شەپقەتلىك ساخاۋەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى نوفۇر قاتارلىق تىلەمچىلەر تالىشىپ ئىگىلەپ ئالغانىدى، ھەم خەمىدنى ئەمدى بىر پۇتۇڭدىن ئايرىلىدىغان بولدۇڭغۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشماقتا ئىدى. خەمىد ئۇلارنىڭ بۇ خىل غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ قۇسقىسى كەلدى، ئەمما چىداپ تىلەمچىلىك قىلىش كېرەك، تىلەمچىلىك قىلىپ 10 فوندستېرلىڭ تاپالمىسا، قېچىپ كېتىش كېرەك، لېكىن بۇ بىر تۈركۈم قەلەندەرلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قېچىپ كەتمەك ئاسان ئەمەس ئىدى. ئامالسىزلىقتىن خەمىدنىڭ بېشى قاتماقتا ئىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، ئۇ پويىز ئىستانسىسىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان، گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دالىنى كۆرۈپ قالدى. خەمىدنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىنى پەقەت شۇ كىشىلا بىلەتتى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، ھالسىزلانغان پۇتلىرىنى سۆرەپ، دالىنىڭ ئالدىغا كەلدى. «تۆكۈر قولى»نى ئۇزارتىپ تىلەمچىلىك قىلغان قىياپەتتە:

— ئەپەندىم، رەھىم قىلسىلا، ئاللا ئۆزلىرىگە ئامانلىق ئاتا قىلغاي! — دېدى - دە، دەرھال ئەسلى ئاۋازى بىلەن، — ماڭا تېزدىن 30 فوندستېرلىڭ تاشلاپ بېرىڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن قايتىپ بېرىپ بىر پارچە ياراملىق يېڭى خەۋەر يازىمەن، — دېدى. دالى ئەجەبلەنگەن ھالدا خەمىدكە قارىغانىدى، تونۇش كۆزلەر ئۇچراشتى ۋە شۇ ھامان يانچۇقىدىن 30 فوندستېرلىڭ پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ۋە يېنىك ئاۋازدا:

— ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى.

نوفۇر قاتارلىقلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، خەمىد دالىنىڭ ئارقىدىن ئۇنىڭغا قاتتىق ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئاللا ئۆزلىرىگە ئامانلىق ئاتا قىلسۇن! — دەپ گۇدۇڭشىدى.

بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش خەمىدنىڭ بىر پۇتىنى ئامان ساقلاپ قالدى. خەمىد غەلىبىدىن قايتقان كېنېرالدەك خەمەنىنىڭ ئەبگا ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا 10 فوندستېرلىڭ ۋە ئون نەچچە تەڭگە پۇلنى تاپشۇردى. خەمەن بۇ پۇللارنى ئېلىپ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەلەندەرلەر تېخى بۇنچىلىك پۇل تاپشۇرۇپ باقمىغانىدى. ئۇ «ھى، ھى...» قىلىپ كۈلۈپ رازىمەنلىك بىلەن:

— قانداق؟ «تىلەمچىلىك ئالتۇن تاۋلاش بىلەن باراۋەر» دېگەن گەپ بار. ئەمدى بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۈڭ. ياخشى، 10 فوندستېرلىڭ ماڭا قالسۇن، قالغان تەڭگىلەر ساڭا مەنسۇپ بولسۇن، — دېدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# چەقمىرىغۇچ

(ھېكايە)

**ھۆرىيەت راخمان**

قاسىم ئاخۇن ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئايالى پاتەمخاننىڭ نېمىلەرنىدۇ سۆزلەپ كوتۇلداۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئەستاغپىرۇللا، بۇ خوتۇن يەنە قوشنىلار بىلەن ئۇرۇشقان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپلا ئايالىغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ قويدى.

— ھە، ھومۇيىلاغۇ؟ يەنە گۇناھ مەندىمىكەن، سانىڭغۇ ھېچبىر ئىش بىلەن چاتاقلىرى يوق. خىزمەت، خىزمەت دەپلا قاتىرايلا. بالىنىڭ خەقنىڭ بالىلىرىدىن تاياق يەپ ئۆلەي دېگىنى بىلەن تېخى كارىڭلىرى يوق. يەنە كېلىپ داۋاملىق بالىنى تىللايلا، مېنى گۇناھكار قىلىلا، — پاتەمخان يولدىشىغا باتناپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوغلى ئادىلجان يېلىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، تۇرۇپ دادىسىغا، تۇرۇپ ئاپىسىغا تىكىكىنىچە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى.

— ھە، بالام، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى قاسىم ئاخۇن.

— ئاۋۇ، ئاۋۇ، ئالىمىڭكى ... — ئادىلجان ھودۇقۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

— قايسى ئالىم ئۇ؟

— ئاۋۇ، رېيىماخۇننىڭ بالىسى ئالىمچۇ... — ئادىلجان سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزلىدى، — يۈزلىرىمنى تاتىلىۋەتتى، ئاكىسى چىقىپ ئاپامنى تىللىدى، — ئۇ بىچارىچە قىياپەتتە دادىسىغا يۈزىدىكى تىرناق ئىزلىرىنى كۆرسەتتى.

— سەن نېمە قىلغانتىڭ؟ سېنى نېمىشقا تاتىلايدۇ، ئاكىسى نېمىشقا ئاپاڭنى تىللايدۇ؟ — قاسىم ئاخۇننىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەنىدى، ئۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولدى.

— نېمە بولاتتى، — پاتەمخان گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى، — كىچىككىنە ئىشقا بالىنى يەپ كەتكىدەك بولۇشۇپتۇ. نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ سۈرۈشتۈرسەم ئۇ شۇمتەكنىڭ بىر پىتىرىغۇچى يوقىتىپ كېتىپتىكەن. ئۇنى بىزنىڭ ئادىلجان تېپىۋالغان ئوخشايدۇ. شۇ بىر نەرسىگە بالىنى «ئاقچى ئوغرى، كۆكچى ئوغرى» دەپ تەرەپ-تۆشتىن تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. مەن چىقىپ بالىنى ئەكىرىۋالغىچە ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى تاتىلىۋېتىپتۇ. ئاچچىقىمدا ھېلىقى شۇمنى بىر شاپىلاق سالدىم. ئۇ يىغلىغىنىچە بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاكىسىنى باشلاپ چىقتى، قوشنىلار ئاجرىتىۋالمىغان بولسا، مېنىمۇ ئۇرماقچىمىكىن... ئالدىمغا دىۋەيلەپ كېلىپ، ئادەم يەيدىغاندەك...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قاسىم ئاخۇن سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ئەسلىدە مۇشۇنداق بولماقچىدى، ئۆزۈڭدىمۇ بار، ھەمىشە بالا ئارىسىغا كىرىشىسەن، — دېدى ئايالىغا ئاچچىقلاپ.

— ھە، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئۆزلىرىمۇ شۇلارغا يان بېسىپ مېنى ئەيىبلەۋاتامىلا؟

— ھەممە ئادەم ئۆز بالىلىرىغا تەربىيە بېرىشى كېرەك. سەن نېمىشقا خەقنىڭ بالىسىغا قول سالىسەن؟ كىچىك بالا دېگەن ھېلى ئۇرۇشۇپ، ھېلى ئەپلىشىدۇ. خەقنىڭ نەرسىسىنى تېپىۋالغاندىكىن ئەلبەتتە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەكتە!

— قايتۇرۇش كېرەكمىش تېخى. تېپىۋالغان تېپىۋالغاننىڭ. يۇتۇپ كەتكىلى نەچچە كۈن بولغان پىقىرىغۇچنى بالىمىز تېپىۋالسا يەنە گەپ بارمىكەن، ھېلىغۇ تېپىۋاپتۇ تېپىلمىغان بولسا قانداق قىلاتتىكەن؟

— ھەي، مۇشۇ مۇجەزىڭىزنى قاچانمۇ ئۆزگىرەر، — قاسىماخۇن ئايالىنىڭ بالىسىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان يامان مۇجەزى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، — قاراپ تۇرۇپ خەقنىڭ نەرسىسىنى مېنىڭ قىلىۋالسا قانداق بولغىنى؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ... — قاسىماخۇننىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دەپتىكەن. ھەممە كىشىنىڭ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق، — پاتەمخان يولدىشىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

ئايالىنىڭ بەغەرەزلىكىگە قاراپ قاسىم ئاخۇننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگىلى تۇردى. بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئوغلىدىن ئەينەن ئەھۋالنى سورۇشتۇرۇپ بىلمەكچى بولدى. بىراق ئادىلجان ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى.

قاسىماخۇن چۈشتىن كېيىن ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئادىلجانمۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ گۇناھىسىدىن قورقۇپ دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى.

— بالام، مەن ساڭا بازاردىن بىر ئەمەس ئىككى پىقىرىغۇچ ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر سەن ھېلىقى پىقىرىغۇچنى قەيەردىن تېپىۋالغىنىڭنى ئېيتساڭ ھەر ئىككىسى سېنىڭ. ئەگەر راست گەپنى قىلمىساڭ ئۇلارنى ئالىمجانغا بېرىۋېتىمەن. قېنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى قاسىم ئاخۇن ئوغلىدىن.

— مەن ... راستىنى ئېيتسام ... ئالدىنقى كۈنى ئېرىق بويىدا ئويناۋېتىپ ... ئالىم كەتكىچە ئۇنتۇپ قالغانىدى ... چاندۇرماي ئېلىۋالدىم ... — ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ سۆزلىدى، — مۇئەللىممۇ ئالىم بىلەن ئۇرۇشقانلىقىمىزنى ئاڭلاپتۇ. بۈگۈن مېنى تەنقىدلىدى ... مەن خاتا قىپتىمەن. ئەمدى ئۇنى ئالىمغا قايتۇرۇپ بېرىمەن، — ئۇ ياش ئەگىگەن كۆزلىرى بىلەن ئاپىسىغا قاراپ، — ئاپا، ئەمدى بالىلار بىلەن ئۇرۇشمايمەن، — دېدى.

— مانا، ئالە بالام، — قاسىم ئاخۇن يېپيېڭى پىقىرىغۇچلارنى بالىسىغا سۇندى، — مۇشۇنداق ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئادىلجان بولۇشۇڭ كېرەك.

ئادىلجان پىقىرىغۇچلارنى قولىغا ئېلىپ ئويلىنىپ قالدى.

— دادا، مەن بۇنىڭ بىرىنى ئالىمغا بېرىمەن. مۇئەللىم «بىر مەھەللىدە تۇرۇپتۇ شۇنداق ئۇرۇشامسىلەر. ئاتا-ئانىلار يامانلىشىپ قالسا بولامدۇ؟» دېدى. ئاپا، ئەمدى سەنمۇ ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ يۈرمە.

ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان پاتەمخان بىر چەتتە قىزارغىنىچە قاراپ تۇراتتى.

# قاسىم قىزىق لەتىپىلىرىدىن

## ئۇنداق بولسا يازدا قىلىپ بېرەي

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوردا بېگى قاسىم قىزىقنى ئۆيىگە چاقىرىتىپ:

— قاسىم ئاخۇن، سىنىڭغۇ داڭقىڭنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن ئۆزۈڭنى كۆرمەپتىكەنمەن. بۈگۈن قىزىقچىلىقلىرىڭدىن بىر ئاڭلاي دەپ سېنى چاقىرتتىم... ناۋادا كۆڭلۈمگە يېقىپ قالساڭ، قىزىمنىڭ يېقىندا بولىدىغان توي مەرىكىسىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ قىزىقچىلىق قىلدۇرىمەن، — دەپتۇ.

قاسىم قىزىق بىرمۇنچە قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئوردا بېگى بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— قاسىم ئاخۇن، بۇ لەتىپىلىرىڭغۇ بولىدىكەن، بىراق بەكلا سوغۇقكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا، — مېنى يازدا چاقىرىتىڭ، قىزىقچىلىقنى يازدا قىلىپ بېرەي.

## ئۇڭدىن سولغا قارىتىپ يازسىلا

قارىستال مەھەللىسىدىكى بىر توي مەشرىپىدە پوچى بىر كىشى قاسىم قىزىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ھەمدە ھەدەپ ئۆزىنى ماختاپ پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ:

— قوشاق - بېيىت دېگەننى مەندىن سورىسا بولىدۇ. ھەر داڭلىق ھېچىزلار بىز بىلمىدىغان بېيىتلەرنى بىلمەيدۇ.

— ئەمسە، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ئۇنىڭ گەپلىرىگە سۇنۇرقاپ، — داپنى ئېلىپ بىر ئېيتىۋەتسىلە، ئۆزلىرىنى بىر تونۇپ قويسۇن.

— سوتۇق يوق، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — قەغەزگە بولسىمۇ يېزىپ بەرسىلە. ئېيتقاقلار ئۆگىنىۋالسۇن.

— ساۋادىمغۇ بار، بىراق قانداق يېزىشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ ھېلىقى پوچى ئەيمەنمەستىن.

— ئۇڭدىن سولغا قارىتىپ يازسىلا بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ئۇ كىشىنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

## ھەممىدىن كاتتا

قاسىم قىزىق مۇقام ئاڭلاشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر مەشرەپتە «كوت - كوت ئايىمخان» دېگەن خوتۇن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قاپ-

تۇ. مەشرەپ باشلىنىپ ھېپىزلار راسا مۇڭ بىلەن مۇقام تووۋلاۋاتسا ھېلىقى خوتۇن ھەدەپ كوتۇلداپ قۇرۇق پاراڭ قىلىپ، قاسىم قىزىقنى مۇقام ئاڭلىغىلى قويماپتۇ. قاسىم قىزىقنىڭ پاراڭغا ئارىلاشماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى خوتۇن قاسىم قىزىقنىڭ يېنىدىن تارتىپ قويۇپ:

— قاسىم ئاخۇن، مۇقامدەك كاتتا نېمە بارمىدۇ - ھە؟ — دەپتۇ.

— بار، ئەلۋەتتە بار، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ئاچچىقى بىلەن، — سورۇندا كوتۇلدىماي جىم ئولتۇرۇپ مۇقام ئاڭلاش ھەممىدىن كاتتا.

## تاغارغا قاچىلاپ چىقىرىۋېتىڭ

بوغاز مەھەللىسىدە قاسىم قىزىقنىڭ بىر قوغۇنچى ئاغىنىسى بولۇپ، سەل پىششىقراق كىشى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ كىشى قاسىم قىزىققا: «بوغازغا كېلىپ قوغۇن - تاۋۇز يەپ كېتىڭ» دەپ خەت يېزىپتۇ. قاسىم قىزىق ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق خەت يېزىپتۇ. «ئاغىنە، بوغازغا تولىمۇ بارغۇم بارئىدى. بىراق شاپاققا تېپىلىپ، ئۇرۇققا زوڭ ئولتۇرۇپ قېلىپ سىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشتىن قورقىمەن. شۇڭا ماڭىدىغان ھارۋا بولۇپ قالغاندا ماڭا ئاتىغان قوغۇن - تاۋۇزلىرىڭىزنى تاغارغا قاچىلاپ چىقىرىۋېتىڭ ...»

## بىر قارىسىلالا پەرق ئېتەلەيلا

ئوردىدىكى زالىم بەگلەردىن بىرسى قاسىم قىزىقتىن:

— ئاڭلىسام ئىتلارمۇ ھەر خىل بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە غالجىر ئىتنى يامان دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ غالجىرلىقى رەڭگى - روھىدىن چىقىپ تۇرارمىش. سىزنىڭچە ئۇنى قانداق پەرق ئەتكىلى بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېگىم، بۇنى بىلمەك بەك ئاسان. ئۆيلىرىگە بېرىپ ئەينەككە بىر قارىسىلالا پەرق ئېتەلەيلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم قىزىق.

## ماڭا نېمە ئامال

قاسىم قىزىقنىڭ ئايالى بىر كۈنى ئېرىگە:

— ئۆزلىرى قېرىغانچە ئۇششاق گەپنى تولا قىلىدىغان بوپقالدىلا، — دەپتىكەن، قاسىم قىزىق:

— دېگەنلىرىڭ راست. گەپنىڭ چوڭىنى سەن تاللاپ قىلىۋالغاندىن كېيىن ماڭا قالغىنى شۇ تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال؟ — دەپتۇ.

رەتلىگۈچى: ھامۇت مۇسا

# يۇمۇرلار

## نەس باسقان كېسەل

بىر چىش دوختۇرى تۇنجى قېتىم بىر بىمارنىڭ چىشىنى يۇلىماقچى بولۇپ تولىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىشنى شۇنداق يۇلۇشقا قولى تىترەپ كېتىپ چىش بىمارنىڭ كېكىردىكىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

— ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، — دەپتۇ دوختۇر، — كېسىلىڭىز مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىن ھالقىپ كەتتى، سىز كېكىرتەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كۆرۈنۈڭ...

بىمار كېكىرتەك بۆلۈمى دوختۇرىنى ئىزدەپ تاپقاندا چىش تېخىمۇ ئىچكىرى كىرىپ كېتىپتۇ. كېكىرتەك بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى بىمارنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— كەچۈرۈڭ، كېسىلىڭىز مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدە ئەمەسكەن. ئاشقازان كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى تاپسىڭىز بولغىدەك — دەپتۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى رېنتگېندە بىمارنىڭ ئاشقازىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— خاپا بولمىسىڭىز، چىشىڭىز ئۈچەيلىرىڭىزگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەمدى سىز ئۈچەي كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كۆرۈنسىڭىز بولغۇدەك، — دەپتۇ.

ئۈچەي كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئۇخشاشلا رېنتگېندە تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن بىمارغا:

— كەچۈرۈڭ، چىش ئۈچەيلىرىڭىزدە ئەمەسكەن... سىز مەقەت كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كۆرۈنۈپ باقسىڭىز، — دەپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا بىمار مەقەت كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كىرىپ كېسەل تەكشۈرۈش كارۋىتىدا دۈم يېتىپ بېرىپتۇ. دوختۇر بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن:

— ئاھ خۇدا، بۇ يېرىڭىزگە بىر چىش چىقىپ قاپتۇ. سىز دەرھال چىش دوختۇرىنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دەپتۇ.

## يەڭنىڭ چىرىپ كېتىشى

بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە كۆپچىلىككە:

— مېنىڭ ھاكىم بولۇشۇم تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. سىلەر سورۇشتۇرۇپ باقساڭلار بولىدۇ، مېنىڭ پارا ئالمايدىغان ئادىل ئەمەلدار ئىكەنلىكىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھازىر مەن خۇدا ئالدىدا يەنە قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈندىن كېيىن پارىنى قايسى قولۇم ئالسا، شۇ قولۇم چىرىپ كەتسۇن! —

دەپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بىر سودىگەر ئۇنىڭغا بىر ئىشنى ھەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئەكەپتۇ. ھاكىم كۆڭلىدە ئالغۇسى بولسىمۇ ئاغزىدا: «مەن بۇنى ئالسام بولمايدۇ مەن خەقنىڭ ئالدىدا قەسەم بەرگەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ھاكىمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر كونا خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ھاكىمنى ياخشى چۈشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ كىشى پۇلنى يەڭلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويسۇن. چىرىسە شۇ يەڭلىرى چىرىمەمدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھاكىم خۇشال ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ چاپىنىنىڭ يېڭىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ.

ئەنۋەر ياقۇپ تەرجىمىسى

### قورقىمەن

— سىز ھەمىشە دەككە-دۈككە ئىچىدە تور توقۇپ ئولتۇرۇدىكەنسىز، يۈرەك كېسەلى بولۇپ قېلىشتىن قورقمامسىز؟

— ياق، دېرىكتورنىڭ كۆرۈپ قېلىپ مۇكاپات پۇلۇمنى تۇتۇپ قېلىشىدىنلا قورقىمەن.

### ئۇ مېنىڭ قىز دوستۇم

خېرىدار: ماگىزىنىڭلاردا نىسىيگىمۇ مال ساتامدۇ؟

پىركازچىك: ياق، بۇ دېگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ماگىزىنى.

خېرىدار: ئۇنداقتا، ھازىرقى قىزچاق ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ پۇلىنى بەرمەيلا كېتىپ قالدىغۇ؟

پىركازچىك: ھە، ئۇ دېگەن مېنىڭ قىز دوستۇم.

### ئاڭلىمىغانمىدىڭىز

— سىزنىڭ راستىنلا بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىڭىز بولسا نېمىشقا ئازراق پۇل خەجلەپ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولماي، ھەمىشە باشقىلارنىڭكىلا ئېلىپ قاچىسىز.

— «بىلىمنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟!

### توپ يوق ئىكەن

ئوغلى: ماگىزىنلارمۇ ئادەم ئالدايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

دادىسى: قانداقسىگە دەيسەن؟

ئوغلى: تۈنۈگۈن «توپ تارقىتىش ئورنى» دېگە ن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ماگىزىنغا كىرسەم بىرمۇ توپ يوق ئىكەن.

ئەكبەر ئىساق

## رەھمەت خېتى

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى رەسمىي نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە يۇقىرى رەھبەرلىك ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەندىن تاشقىرى يەنە بىر قىسىم ئىدارە - جەمئىيەتلەر، شەخسلەرمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلدى. تۆۋەندە بىز بۇ يولداشلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاش بىلەن، ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسى (غوجابدۇل سوپى)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ستراخوۋانىيە شىركىتى (سېيىت مەمەتنىياز)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى (تۇرسۇن خېلىل)

قۇمۇل تاش يول ئوچاستىكىسى (ئابدۇشۈكۈر غوپۇر)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەم - خەشەك شىركىتى (ئىبراھىم ئىسمايىل)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار كومىتېتى (ئىسمايىل نەمەنشا)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى (ئىساق باقى)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم)

قۇمۇل تۆمۈريول ئىدارىسى (مەريەم قۇلى، ئىساق ئوسمان)

قۇمۇل شەھەرلىك سودا مەركىزى ( ئەيسا جىگلى)

قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك كەسپى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ (تۇردى يۇنۇس)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە داشۆسى (يۇنۇس تاھىر)

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق بانكىسى (يۇسۇپ ئاخمۇل )

راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپ (ئابدۇل تۇرسۇن)

غەربىي ئۆستەڭ رايون قۇرۇلۇش دۈيى (ئابدۇراخمان)

ئايشەمخان ئادىل (بېيىغان ئائىلە)

قارى تۆمۈر (بېيىغان دائىلە)

قېيۇم داۋۇت (قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 9 - باشلانغۇچ مەكتەپ)

يەنە بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىزغىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

تەھرىر بۆلۈم

## «تارىم» ژۇرنىلىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇڭ!

**ھۆرمەتلىك كىتابخان:**

«تارىم» ژۇرنىلى سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىز ۋە مەسلىھەتچىڭىز. سىزگە مەلۇمكى، ژۇرنىلىمىز مەملىكەتنىڭ ئىچى – سىرتىغا تارقىتىلىدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، ئېچىلىش، سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ. دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە، كۆپخىللىقا، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت يارىتىشقا، قىزىقارلىق، ئىلمىي بولۇشقا، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشقا، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتقۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن قوللاشقا، ئىلمىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاشقا، كىتابخانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، داستان، باللاردا، ساتىرا، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، نەسىر، مەسەل، ئەدەبىي ئوبزور ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى ھەمدە نەشرگە تەييارلانغان رومانلاردىن پارچىلارمۇ بېرىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزدا يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش – ئىزلىرى، تەرجىمە گۇللەر، باللار ئەدەبىياتىدىن، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن، چەتئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، گۈلىستاندىن گۈلدەستە، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار قاتارلىق سەھىپىلەرمۇ بار. ژۇرنىلىمىزغا سۈپەتلىك فوتو سۈرەت ۋە بەدىئىي سۈرەتلەرمۇ بېرىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار 11 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 15 – كۈنىگىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئايلىق باھاسى 1.40 يۈەن

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 66 — 58.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## مۇشتەرىلار دىققىتىگە

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەرجىمىخادىملىرىنىڭ سەمىمىي دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئالقىشقا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بىلىم ئاشىقلىرىنى مەملىكىتىمىزدە چىقىۋاتقان خەنزۇچە كېزىت - ژۇرناللاردىكى پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، ئەدەبىي ئوبزور، نەزەرىيىۋى ماقالە، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە ئۇلارغا ئاجايىپ ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانلىرى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق ۋە جانلىق چىقىرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 51

باھاسى: 1.10 يۈەن،

كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

قۇمۇل ئەدەبىياتى ( 哈密文学 )
1991 - يىل 3 - سان

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى.
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
ژۇرنالنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە
كەلتۈرۈلگەن نومۇرى: CN65 - 1084/I
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 59
تېلېفون نومۇرى: 33741

باھاسى: 0.50 يۈەن